# قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

ھاجى نۇر ھاجى

## كىرىش سۆز

قارا خانىلار خانلىقى مەملىكىتىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قاراخانىلار خانلىقى مىلادى 9 – ئەسىردىن 13 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە 4 ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈردى. بۇ خانلىق دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى (قەشقەرنى مەركەز قىلغان) دىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ دەريا) نىڭ ئوتتۇرا قىسمى (يەنە ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي قىسمى) غىچە بولغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ پايتەختى قەشقەر بىلەن بالاساغۇن ئىدى.

قاراخانىلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەتتە سۇ ۋە تارىم ۋادىسىدىكى رايونلاردا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىنىش ۋە يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى؛ دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا تەرەققىي قىلدى؛ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان چوڭ شەھەرلەر بارلىققا كەلدى؛ مۇكەممەل شىپاخانىلار، تۈرلۈك پەنلەر ئوقۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەسىلەن، قەشقەردىكى «ساچىيە»، «مەھمۇدىيە» مەدرىسىلىرى، جامە، كارۋان سارايلىرى بىنا قىلىندى؛ قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا ناھايىتى كۆركەم ھەشەمەتلىك بىنالار قورۇلدى، بەزىلىرى زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلدى؛ نۇرغۇن ئالىم – ئۆلىمالار، ئەدىب – شائىرلار، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، تېۋىپلار، ھەربىي ئالىملار، قانۇنشۇناسلار مەيدانغا كەلدى. 11 – ئەسىردە ياشىغان قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساسچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ گۈل تاجىلىرىدۇر. بۇ ئەسەرلەر ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر.

قىسقىسى، قاراخانىلار خانلىقى مەمەلىكىتىمىز تارىخىدا جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا مەمەلىكىتىمىز تارىخچىلىرى بۇ خانلىق ھەققىدە تەتقىقات ئىشىنى باشلىۋەتتى.

مەن بىر قانچە يىل ماتېرىيال توپلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇرۇنقىلارنىڭ ماتېرىياللىرىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق پايدىلىنىپ «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىپ، ئۇنى ئۆزەمنىڭ دەسلەپكى تەتقىقات مۇۋەم تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويدۇم.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پۈتكۈل دەۋرىنى يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى زور ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەھەردە كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتاپخانلارنىڭ كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىۋېلىشىم ھەققىدە ئىلمىي ياردەم بېرىشىنى سورايمەن.

بۇ ئەسەرنى يېزىشتا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، پىشقەدەم ئۇستازلار ۋە يۇلداشلار ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن قىزغىن ياردەم بەردى، بۇ يولداشلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

ئاپتور

# بىرىنچى باب ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار

## 1- بۆلۈم ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمقى مىللەتلەردىن بىرى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 5 – ئەسىردە ئېلىپبەلىك يېزىق قوللانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماددىي پاكىت بار.»① بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ۋە 8 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالاھىدە راۋاجلانغانلىقىنى بىلىمىز.

ئۇيغۇرلار 5 – ئەسىردىن باشلاپ ئورخۇن – يەنسەي يېزىغى (تۈرك – رونىك يېزىقى) ۋە سوغدى يېزىغى ئاساسىدا يارىتىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغاندىن باشقا، يەنە توخار يېزىغى (كۇچا يېزىغى) ۋە خوتەن يېزىغىنىمۇ قوللانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ياشىغان قەدىمقى ماكانى ھەققىدە قولىمىزدىكى ماتېرىياللار ھازىرچە يېتەرلىك ئەمەس. ئەمما ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما مەنبەلەردىن قارىغاندا، تۇرالار، ھونلار، تۇغلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە ئاتا – بوۋىلىرى ئىدى. ھونلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا (مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تارتىپلا) جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا ۋە غەربىي قىسمىدا ياشاپ كەلگەن[2]، مىلادىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا بايقال كۆلىنىڭ غەربىي، سېلىنگا دەريا ۋادىسى تۇغلۇقلارنىڭ پائالىيەت ئورنى ئىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا، بايقال كۆلگە يېقىن جايلاردا ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپىدا، مىلادى 3 – ئەسىردىن باشلاپ بايقال كۆلى بىلەن تيانشاننىڭ ئارىلىقىدا، مىلادى 4 – ئەسىردە تارىم بوستانلىقىدا ۋە 5 – ئەسىردىن باشلاپ بىر قىسمى موڭغۇل ياياللىقىدا ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى جايلاردا ياشىدى. «تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم بوستانلىقى 4 –، ۋە 5 – ئەسىردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ماكانى ئىدى.»[3] پاكىتلار ئېنىق كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆز ئىگىلىكىنى ياراتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى بەرپا قىلدى.

تارىم بوستانلىقى قەدىمدىن تارتىپلا سۇغىرىلىدىغان ۋادىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ۋادىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ يەردە بۇغداي، شال، زىغىر، نوقۇت (پۇرچاق) قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى؛ ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرەتتى. ئۇيغۇرلار كېۋەز، كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تارتىپلا بىلەتتى. تارىم بوستانلىقىدا ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈم 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ تارىخىدا ھەر خىل ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇر دىگەن نامنى بىلدۈرەتتى.
ئۇيغۇرلار مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا تۇغلۇقلار دىگەن نام بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. شەرقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرى سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولغان بولسا، غەربتىكى ئۇيغۇرلار ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە «تېلى» نامى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، «تېلى» يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسىتەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

مەنبەلەردە شەرقتىكى تۈرالار «ئون ئوغۇز»، «ئوغۇز» دەپ ئاتالسا، غەرپتىكى تۈرالار ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالدى. 6 ـ ئەسىردىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە رەسمىي ئۇيغۇر نامى بىلەن قەيت قىلىندى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، شۇ نەرسە ئايانكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئەڭ كەم ھېسابلىغاندىمۇ، مىلادى 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا ھازىرقى شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇن ھونلارنىڭ شىمالىدا ۋە غەربىدە ياشىغان تۆلەسلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى. تۆلەسلەر ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلغان بىرلىكى بولۇپ، تارىختا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۆلەس دەپ ئاتالغان ئەجدادىدىن ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھونلار بىلەن مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار قەدىمدىلا ھونلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى دېگەن تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن. «چۈنكى ھونلارنىڭ تەركىبىدە ئون ئۇيغۇرلار، سادىغۇرلار، ئوتۇغۇرلار دېگەن قەبىلە بولغان.»[4]

بەزىلەر «ئۇيغۇر دېگەن نام خەنزۇچە مەنبەلەردە 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ كۆزگە چېلىقىدۇ» دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە ئۇنداق دەپ قاراش تارىخىي مەنبەلەرگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ توغرىدا مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ:

«ايغر ـ ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.
ماڭا مۇھەممەت چاقىر تۇنقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆرت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە "اينان خز خرند ـ inan huzhurand ـ بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ" دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل "huzhur" دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن "خ ـ h " ھەرپى "ا ـ ئېلىف" قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ "ا ـ ئېلىف" نىڭ "خ ـ h " غا ۋە "خ ـ h " نىڭ "ا ـ ئېلىف" قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.»[5]
مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرگەن مەنبەنى تارىخىي رىۋايەت دەپ قارىغاندىمۇ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۈركلەر بىلەن قىلغان جېڭى ئىرانىنىڭ ئاخمىندىلار[6] سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۇيغۇرلارنى مىلادىدىن 2 ـ 3 ئەسىر ئىلگىرىلا ئۇيغۇر دەپ ئاتىغانلىقىنى مەھمۇت قەشقەرىمۇ تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر ئەسلىدە بىر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر قانچە قەبىلە ئىتتىپاقىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇر - «ئۇيۇشتى، قوشۇلۇپ ئىتتىپاقلاشتى، بىر بىرىدىن ئايرىلماس بولۇپ ئۇيۇشتى»[7] دىگەن مەنىگە ئىگە. دىمەك، ئۇيغۇرلار بىر نەچچە قەبىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار كۆك تۈرك خانلىقى (552—743 - يىللار) نىڭ ئىچكى قىسمىدا بولغان كۆرەشتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىتتىپاقدىشى باسمىل، قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ كۆك تۈرك خانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 744 - يىلى ئۇيغۇر خانلىغىنى قۇردى.

ئۇيغۇر خانلىقى 745 - يىلىدىن 854 - يىلغىچە گوبىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلارغا ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. كول بىلگە ئۇيغۇر خانلىقىنى تۇنجى قېتىم قۇرغۇچى كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «قۇتلۇق بىلگە كول قاغان» دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ مەركىزى ئوردىسى موڭغۇل دالىسىدىكى ئوتەكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قارا بالغاسۇن شەھرى ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېرىتورىيىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرقتە ھىنگان (شىڭئەنلىڭ) تاغلىرىدىن تارتىپ غەربتە ئالتاي تاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسىغا قەدەر، شىمالدا بولسا بايقال كۆلىگە قەدەر يېتىپ باراتتى، جەنۇبي تەرىپى سەددىچىن بىلەن چېگرىلىناتتى.

ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كۆك تۈرك ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر مۇنچە مىللەتلەرنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇۋېلىپ، تەركىۋىگە قوشۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىللىي تەركىۋىگە نۇرغۇن خەلقلەر قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدىكى تارىخ مەيدانىغا كەلدى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تارىختا «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتالدى. «توققۇز ئۇيغۇر» — «ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر»، «تاشقى توققۇز ئۇيغۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئىچكى توققۇز ئۇيغۇرلار»: ياغلاقار، ئوتۇرقار، تۇلەمۇر، بوقاسقىر، ئاۋۇچاگ، قوغۇرسۇ، يابوقتار، ئاياۋۇز، ياغما؛ «تاشقى توققۇز ئۇيغۇر» لار: ئۇيغۇر، بوكە، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، قىپئار، باسمىل، قارلۇق، ئارىزغۇن.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى ياغلاقاردىن چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئورنى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، ياغلاقاردىن كېلىپ چىققان «كول بىلگە» قاغان تۇنجى ئۇيغۇر خانى بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىغا يەنە بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى قۇرىقا، يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قىرغىزلار، تىيانشانىنىڭ شىمالىدىكى ساتلار، قارا قۇرۇم ئەتراپىدىكى تاڭغىتلار، ھىنگان تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قىتانلار تەۋە ئىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى «قاغان» (خاقان) ئىدى. ئۇيغۇر خاقانى ۋەزىر، بەگ، ئارمىيە ئەمەلدارى، باج ئەمەلدارى قاتارلىق مەنسەپدارلار ئارقىلىق سىياسىي، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇراتتى.

ئۇيغـۇر خانلىغىنىـڭ ئىقتىسـادىدا چـارۋىچىلىق زور سـالماقنى ئىگەللەيتتـى. تـاڭ دەۋرىـدە ياشـىغان مەشـھۇر شـائىر دۇفۇنىـڭ «شـىمالغا يـۈرۈش» نـاملىق شېئىرىدا «ئۇيغـۇرلار ئەسـكەر تـارتتى بەش مىڭـلاپ، ئـاتلىرى بـار تـۇمەنلەپ» دېـگەن مىسـرالار بـار. «تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ يېڭـى تـارىخى. ئۇيغـۇرلار تەزكىرىسـى» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكەرلىرى 4 مىـڭ كىشـى، ئـاتلىرى 40 مىـڭ تۇيـاق» دەپ يېزىلغـان. بـۇ نوقتـا ئۇيغـۇر خانلىقىنىـــڭ مـــۇنتىزىم ئەســـكىرى قوشـــۇنىنىڭ بـــارلىقىنى ۋە ئەســـكەرلىرى يېتەرلىـــك ئـــات بىـــلەن تەمىنلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىـڭ خـانلىق ھاكىمىيىتىـدە ۋارىسـلىق تـۈزۈمى يولغـا قويۇلغـان. خـان ئەۋلادىـدىكىلەر خانلىققا ۋارىسـلىق قىلىـش ھوقۇقىغـا ئىـگە ئىـدى. بولۇپمـۇ ئۇيغـۇر خـانلىقى دەۋرىـدە ئوتتـۇرا ئاسـىيادىن كۆچـۈپ كەلـگەن مـانى سـودىگەرلىرى ئۇيغـۇر خانلىغىنىـڭ تەۋەسـگە ئۆتكەنـدىن كېـيىن، ئـۇلار خانلىقنىـڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە ۋە دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلاشتى.

ئۇيغـۇر خاقـانى قۇتلـۇق بىلـگە خاقـان 747 - يىلـى ۋاپـات بولـۇپ، ئورنىغـا مۇيۇنچـۇر خاقـان بولـدى، ئـۇ كـۇل خاقـان دەپ ئاتالـدى. 755 - يىلـى تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ ئىچكـى قىسـمىدا ئوڭلـۇك - سـۈيگىن (ئەنلۇشـەن - شىسـىمىن) ئىسـيانى يـۈز بەردى. 757 - يىلـى ئۇيغـۇر خاقـانى مۇيۇنچـۇر تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ تەكلىـۋى بـويىچە، يابـاقۇ ئۇنۇۋانلىـق ئوغلىنىـڭ باشـچىلىقىدا 40 مىڭـدىن ئـارتۇق ئـاتلىق قوشـۇن ئەۋەتىـپ، ئوڭلـۇك - سـۈيگىن ئىسـيانىنى تىنجىتىـپ، تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ چـاڭئەن، لويـاڭ قاتـارلىق رايـونلارنى قايتۇرۇۋېلىشـىغا ياردەملەشـتى. ئۇيغـۇر خاقـانى مۇيۇنچۇرنىـڭ كۆرسـەتكەن خىزمىتـى ئۈچـۈن، تـاڭ سۇلالىسـى ئـۆز مەلىكىسـىنى خوتۇنلۇققـا بېرىـپ، ئۇنىڭغـا «بـاتۇر، ھەيۋەتلىـك قۇتلـۇق بىلـگە» دېـگەن ئاتـاقنى تەقـدىم قىلدى.

مۇيۇنچـۇر قاغـان ئۆلگەنـدىن كېـيىن، ئىككىنچـى ئـوغلى بوگـۇ خاقـان خانلىققـا ۋارىسـلىق قىلىـپ تەختـتە ئولتـۇردى. بوگـۇ خاقـان خـانلىق تەختىـدە (759—780 - يىلـلار) ئولتۇرغـان مەزگىلـدە، 762 - يىلـى تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ 2 - قېتىملىـق تەكلىـۋى بـويىچە ئەسـكەر چىقىرىـپ، تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ شى جـاۋيى تـوپىلىڭىنى تىنجىتىپ، خېيبېينىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەردى.

## 2ـ بۆلۈم ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

تۇبـۇتلار (قەدىمقـى زاڭـزۇلار) غەربـي يۇرتلارغـا تاجـاۋۇز قىلغانـدا، ئۇيغۇرلارنىـڭ خاقـانى ئېـل ئىگىسـى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىـپ بەشبالىق (ھـازىرقى جىمسـار) نـى ئىگەللـدى، بـۇ جـايلاردا قـارلۇقلار، سـاتلار،

ئاق تۈركلەر ياشايتتى. كېيىن تۈبۈتلار يەنە كۈچ توپلاپ، قارلۇق ۋە ئاق تۈركلەرنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم كۈچنى ئۆزىگە تارتىپ، بەشبالىقنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى.

791 - يىلى، ئېل ئىگەسى خاقان 50—60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ كېلىپ، بەشبالىقتا ھۇجۇم قىلغاندا، يەنە تۈبۈت ۋە قارلۇقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. ئېل ئىگەسى قوچۇغا جايلاشقان ئۇيغۇر خان ئوردىسىنى جەنۇبقا يۆتكىدى. 792 - يىلى، ئېل ئىگىسى 2 - قېتىم ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، تۈبۈت ۋە قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ جايلارنى يەنە قايتۇرۇۋالدى.

ئۇيغۇر خانلىقى 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئېغىر بوھرانغا ئۇچرىدى. چۇلۇق خاقان «ئاي تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ بىلگ» دىگەن نەم بىلەن 825 - يىلدىن 832 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇردى.

832 - يىلى چۇلۇق خاقان ئۆلگەندىن كېيىن، تەخت خان جەمەتى بولمىغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ ماجرا كۆپەيدى، ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان خەلقلەردە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارقا - ئارقىدىن داۋام قىلغان جۇدۇن ئاپىتى، ۋابا، ئاچارچىلىق بىلەن نۇرغۇن چارۋا ۋە ئادەملەر قىرىلىپ كەتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچى پارچىلىنىشقا باشلىدى. 839 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ساتلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ پايتەختكە ھۇجۇم قىلدى. «ئاي تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ بىلگە خاقان» ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پاسا تېگىن خان بولدى. 840 - يىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى كۈل بۇقا قىرغىزلارنىڭ باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ، پاسا تېگىن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى ئۆلتۈردى. ئوردا ۋە شەھەرلەرگە ئوت قۇيۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بىر ئەسىرگە يېقىن ياشىغان ئۇيغۇر خانلىغى ملادى 839 - يىلى يىمىرىلدى. كېيىن ئۆگە خاقان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، لېكىن ئۇيغۇر خانلىقى ئاخىر ئاغدۇرۇلدى.

## 3- بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

839 - يىلى ئۇيغۇر خانلىغى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇتوكەن تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، بۇ خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەلدى.

839 - يىلىدىكى غەربكە كۆچۈش مەسىلىسىگە قارىتا تارىخشۇناسلاردا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار

مەھجۇت بولۇپ كەلدى. پروفېسسور فېك جاشېك ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىگەن ئىككى كىتاپتا «ئۇيغۇرلار 839 – يىلىدىن كېيىن 3 تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن، ھەر بىر تارمىقى بىردىن ھاكىمىيەت قۇرغان ئىدى» دىيىلگەن. باشقا تارىخى ئەسەرلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيتى مىلادى 839 – يىلى يىمىرىلىپ، ئۇلار 3 تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن. بۇلارنىڭ گەنسۇ كارىدورىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان بىر تارمىقى كېيىنكى كۈنلەردە سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان مىللەتنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان، ئىككى تارمىقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقىنى قۇرغان ئىدى دەپ قەيت قىلىنغان ۋە ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار 840 – يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان، 840 – يىلىدىن بۇرۇن بۇجايدا ئاساسي جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بولمىغان دىگەندەك بىر تەرەپلىمە، خاتا قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تارىخنىڭ ھەقىقى قىياپىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

خەنزۇچە تارىخي مەنبەلەردە «تېلى، چېلى، جۈلى» دەپ ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى تۇرالار ياكى تۇغلۇقلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تۇرالار مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن. دىمەك، تۈركى خەلقلەر ئەزەلدىن شەرقي تۈركلەر ۋە غەربي تۈركلەر دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ ياشىغان. شەرقي تۈركلەر سىبىرىيىگە، بايقال كۆلى ئەتراپىغا، موڭغۇل دالىسىغا، غەربي تۈركلەر تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالي ۋە جەنۇبي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، قەدىمقى زامانلاردا ئېلىمىزنىڭ غەربي شىمالي قىسمىدىكى جايلار شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن باشلاپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە سوزۇلاتتى. بىپايان كەڭ زىمىندا ھونلار، تۇغلۇقلار، سايبىلار، جورجانلار، تۈركلەر، ئوغۇز، ئۇيغۇر قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەر ياشايتتى.
تارىختا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تۇغلۇقلار بىلەن ھونلار ماھىيەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، بۇلارنى تۈرك دىيىشكە بولىدۇ. خەنزۇ تارىخچىسى سىماچيەن يازغان «تارىخنامە» نىڭ «بەش پادىشاھ تەزكىرىسى» دىگەن بابىدا پادىشاھ خۇاڭدىنىڭ ھونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. سىماچيەن جۇڭگونىڭ ئېپتىدائى جەمئىيىتىدىكى بىر رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ھونلارنىڭ قەدىمقى مىللەت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. «خەننامە» دە ھونلارنىڭ تۈرپان ئويمانلىقىدا بوز يەر ئاچقانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. دىمەك، ھونلار ئەڭ قەدىمدىن تارتىپلا پۈتۈن موڭغۇل دالىسىدا ھەم شىنجاڭ دائىرىسىدە ياشىغان ئىدى. «تارىخنامە. ھون تەزكىرىسى» دە، «خەننامە» دە تۇرالار ھونلارنىڭ شىمالىغا يەنى بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان دىيىلىدۇ. بۇلار تارىختا «شەرقي تارماق» دەپ ئاتىلىدۇ. «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا تۇغلۇقلارنىڭ بىر تارمىقى سەمەرقەنتكە، ئارال دېڭىزى بويىغا جايلاشقان دىيىلىدۇ. بۇلار تارىختا «غەربي تارماق» دەپ ئاتىلىدۇ. دىمەك، بۇ پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇغلۇقلار قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئارال، ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدىكى كەڭ زىمىندا ياشىغان. ئارخېئولوگىلىك ماددىي پاكىتلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىماقتا. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 1979 –

يىلى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن بىر ئايالنىڭ جەسىتىنى تاپتى. بۇ ئايال جەسەتنى شىنجاڭ قەدىمقى ئاسارە – ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنى 1980 – يىل 4 – ئايدا قەدىمىك يىپەك يولى لوپنۇرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا تەبەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن تاپقان ئىدى. بۇ جەسەت 1981 – يىل 2 – ئايدا شاڭخەيگە ئېلىپ بېرىلدى. شاڭخەي 1 – تىببىي ئىنستوتى، شاڭخەي تەبىئەت مۇزېيى قاتارلىق 19 دىن ئارتۇق پەن – تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار بۇ جەسەتنى ئىلمىي ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئېلمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ 40–45 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، قېنى «و» شەكىللىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ جەسەتنىڭ تارىخى بۇرۇن قۇمۇلدىن تېپىلغان 3200 يىللىق تارىختا ئىگە جەسەتتىن ئۇزاق تارىختا ئىگە بولۇپ، كەم ھىسابلىغاندىمۇ 4000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكى بىكىتىلدى. ئۇ ئېلمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان جەسەت بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بۇ جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سىۋەتكە بۇغداي قاچىلانغان. دىمەك، بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى مۇشۇ جايدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىغىدىن ۋە تاللانما ئۇرۇقلارنى ئىشلەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئايال جەسەتنىڭ ئەزالىرى ساق، قول – پۇتىنىڭ بارماقلىرى جايىدا، چاچ، تېرىسى ياخشى تۇرغان. شىنجاڭ رايونىدىن بۇ ئىككى جەسەتنىڭ تېپىلغانلىقى تارىم ئويمانلىقىدا قەدىمدىن تارتىپ تۈركى خەلقلەر ياشىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى! بۇ پاكىتتىن بىز مۇندىن 4000 يىل ئىلگىرىلا تارىم بوستانلىقىدا ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرىنىڭ ياشىغانلىغىنى چۈشىنىۋالالايمىز. لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان ئايال جەسەت بىلەن يەنە يۇڭ، كەندىر، يىپەكنىڭ ئارىلاشمىسىدىن توقۇلغان ماشرۇپمۇ بىللە كۆمۈلگەن. بۇ ھىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر گۈلتاجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ جەسەتلەر ئەينى زامانلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فىزىئولوگىيلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى، تارىم بوستانلىقىغا جايلاشقان خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يىپەك، كەندىر، يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى ۋە ھۈنەر – سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ كۆپرەك ماددىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىش ئارخىئولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە قاتارلىق پەن خادىملىرىنىڭ مۇندىن كېيىنكى تىرىشچانلىقىغا باغلىق. تۇغلۇقلار ئىگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇلار «ئىگىز ھارۋىلىقلار» (ئىگىز قاڭقىللار) دەپ ئاتالدى. شىمالىي ۋېيى سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرالار خەنزۇچە «دېلى»، «گاۋچې» (ئىگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان، بۇمۇ بىر قەبىلىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى. 5 – ئەسىرگە كەلگەندە، تۇغلۇقلار سايىبلار بىلەن سوقۇشۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر قىسمى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بارغان، بىر قىسمى سېلىنگا دەرياسى بويىغا چېكىنگەن. تۇرالارنىڭ غەربكە قاراپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىغا سۈرۈلگەن بىر قىسمىدىكى ئوغۇزلار كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تارمىقى بولۇپ قالدى؛ شىمالغا سۈرۈلۈپ سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ئون ئوغۇزلار بولسا كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تارمىقى بولۇپ قالدى. غەربىي تارماق غەربىي تۈركلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. شەرقىي تارماق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىي تەركىۋى قىسمى بولۇپ قالدى. دىمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ

ئەجدادلىرى توغلۇقلاردىن تارتىپ ئوغۇز، ئۇيغۇرلارغا قەدەر تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالى بىلەن موڭغۇل دالىسىدىن ئىبارەت 2 جايغا بۆلۈنۈپ ياشىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 4 – ئەسىردىلا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا ئاللىقاچان ماكانلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ جايلارغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، مەدەنىيەتتە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىدى. بۇ جايلاردىكى خەلق كۆپىنچە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلاتتى. توغلۇقلار ياكى ئېگىز قاڭقىللارنىڭ مىلادى 4 – ئەسىردىن بۇرۇنلا تەڭرى تاغلىرى ئەتراپىدا ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانلىقى شۇ رايوندا ئاھالىنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشىدە چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. 5 – ئەسىرگە كەلگەندە، توغلۇقلار ياكى ئېگىز قاڭقىللار تۈرپان ئويمانلىقىدا ھاكىمىيەت قۇردى. «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى. ئېگىز قاڭقىللار تەزكىرىسى» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئېگىز قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئېگىز قاڭقىللاردىكى بىكفولو قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاكا – ئۇكا ئاۋۇزلۇلار 100 مىڭ ئائىلىدىن كۆپرەك كىشى (بىر ئائىلىنى 5 جان ھېسابلىغاندا، كەم دېگەندە 500 مىڭ كىشى بولىدۇ) نى باشلاپ يارغۇل ئەتراپىغا كۆچۈپ باردى، مىلادى 499 – يىلى قاڭقىل پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ، يارغۇلنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. دېمەك، ئېگىز قاڭقىللار (توغلۇقلار) نىڭ تەسىرى كۈچى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى ئاساسىي مەركەز قىلغان ھالدا پۈتۈن تۈرپان ئويمانلىقى، تارىم بوستانلىقىغا يېتىپ بارغان.

4- بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنلىرى

1. ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ تۈركلەرنىڭ دىنى بولغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان دىنى: تەڭرى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئاسمان، يەر ۋە پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمى ئۆتىدىغان بىردىن – بىر ئىلاھ دەپ قارايتتى. كىشىلەر بۇ دىننىڭ روھانىلىرىنى «تويىن» دەپ ئاتايتتى. «تويىن» دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردىكى رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار شامان باخشىلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر يىلدا بىر قېتىم قۇربانلىق قىلىپ، ئىبادەتخانىغا توپلىشىپ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى.
شامان باخشىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى شامان ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىش، خەلقلەرگە شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرۈش ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە شامان («تويىن») دىنىنىڭ قاراشلىرىدا ۋە پائالىيەتلىرىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولىدى. دەسلەپ دىن پېشۋالىرى 2 گە ئايرىلدى. بىر قىسمى يۇقىرى «تويىن» (شامان) باخشىلىرى، يەنە بىر قىسمى سېھرىگەرلىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇلارنى «قام» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شامان دىنى «تويىن» دىنى، «قام» دىنى دەپ ئىككى دەپ ئىككى مەزھەپ، ئىككى سىستېمىغا ئايرىلدى ۋە ئاسماننى ئىدارە قىلىدىغان بىر زات، يەرنى ئىدارە قىلىدىغان بىر زات بار دەپ قاراپ، ئۇلارغا خۇدا دەپ ئىشىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ تۈپەيلىدىن، كۆپ

خۇدالىق ئېتىقاد بارلىققا كەلدى. ھەر بىر خۇداغا بىردىن بۇت ياساپ، ئىبادەتخانىدىكى بۇتلار ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، چوقۇنۇش ئادىتى پەيدا بولدى. كېيىنچە بۇ دىنني ئەقىدىلەرگە يەنە بوز بۆرىنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقىنىدىغان، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىدىغان، بايراق ئۇچىغا بوز بۆرىنىڭ كاللىسىنى بېكىتىپ قويىدىغان ئادەت پەيدا بولدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە كۆك يايلىق چوڭ بىر بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغانلىقى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ.

«... ... ... ... ... ...

139. ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كۆك

140. تۈكلۈك، كۆك يايلىق چوڭ

141. بىر ئەركەك بۆرى چىقتى. بۇ بۆي ئوغۇز

142. خانغا مۇنداق دىدى:

143. "ھەي ئوغۇز، سەن

144. ئۇرۇنغا ئەسكەر چىقارساڭ،

(17)

145. مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن."

146. شۇندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان

147. چېدىرلىرىنى يىغىپ، ئاتلاندى.

148. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا

149. كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق بىر ئەركەك بۆرى

150. يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن

151. ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن

152. ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى[8]

... ... ... ... ... ...

بۇ دىنغا 3 – ئەسىردە ھونلار، تۈركلەرمۇ ئېتىقاد قىلغان، ئۇيغۇرلار 8 – ئەسىرلەردىن باشلاپ ئېتىقاد قىلغان. دىمەك، شامانىزىم دىگەن سۆز تەبىئەتنى ئومۇمى ۋە ئايرىم ھالدا ئىلاھلاشتۇرغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2. مانى دىنى 3 – ئەسىردە ئىرانلىق مانى تەرىپىدىن تارقىتىلغان.

763 – يىلى ئۇيغۇر خاقانى مانى دىنىنى ھۆرمەتلىك «ئورۇنغا» قويغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالدى. ئۇلار بۇ دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كونا دىنلارغا دائىر رەسمىلەر كۆيدۈرىۋېتىلدى.

مانى دىنغا زەردەش، خرستىيان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن. مانى دىنى باشقا دىنلارغا

ئوخشاش ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.
بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇيغۇر مانى راھىپلىرىمۇ مانى دىنىنى تارقىتىشتىن باشقا، خان ئوردىسىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگىمۇ ئارىلىشالايدىغان ھوقۇقتا ئىگە ئىدى.

## 5- بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر خانلىغى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى خېلى تەرەققى قىلدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆز يېزىقىدا يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇردى. بۇ يېزىق يادىكارلىقلىرى ئەڭ دەسلەپتە موڭغۇل دالىسىدىكى ئورخۇن دەرياسى ئەتراپىدىن تېپىلغانلىقتىن، قەدىمىي ئورخۇن يېزىغى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرىشى، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ قەدىمىي مىراسلار تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى كۆك تۈرك خانلىغىغا ئائىت «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىلادىنىڭ 712—716 - يىللىرى قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن 2 چوڭ مەرمەر تاشقا 62 قۇر خەت بىلەن پۈتۈلۈپ، تونيۇقۇقنىڭ قەۋرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان. بۇ ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يادىكارلىقلاردىن بىرى.
ئىككىنچىسى، «كول تېگىن مەڭگۇ تېشى»، بۇ تاش 732 - يىلى ئورنىتىلغان.
ئۈچىنچىسى، «بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى»، بۇ تاش 735 - يىلى ئورنىتىلغان.
تۆتىنچىسى، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»، بۇ تاش 759 - يىلى ئورنىتىلغان.
بەشىنچىسى، «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۇ تېشى»، بۇ مەڭگۇ تاشلار تونيۇقۇق، كول تېگىن، بىلگە خاقان، ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە خاقانلارنىڭ مۇندىن 1260 يىل بۇرۇن قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇ يازما خاتىرىلەرگە خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەربىي پائالىيەتلىرى ۋە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى تۆھپىلىرى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دۆلەتنىڭ قانۇن - ئىنتىزامى، ئەسكىرى قوشۇن تەشكىلى، ھۈنەر - سەنئەت، نەققاشلىق سەنئىتى، خوشنا ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە - مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق ئىشلار پۈتۈلگەن. تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى تارىخنى، ئېتنوگرافىيىسىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ئىلمىي ماتېرىيال بولۇپ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخنى تەتقىق قىلىش ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ زور قىممەتكە ئىگە تارىخىي ھۆججەتلەر، شۇنداقلا تۈركى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاسى ۋە ئەينى زامان تىل - يېزىغىنىڭ ئۈلگىسى.
قۇچو تۇرپان ئۇيغۇر خانلىغى دەۋرى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئېچىلغان ئالتۇن دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە بۇددا، مانى ۋە خرىستىيان دىنلىرى تەسىرىدىكى ئۇيغۇر يازما

ئەدەبىياتى يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئوخشاش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى يەنىمۇ راۋاجلانغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققى قىلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ يۇكسەك دەرىجىگە يەتتى. جۇڭگو ساياھەتچىسى ۋاڭ يەندى (981—983 - يىللار) بەشبالىقتا قوچۇ خانى ئارسلان خان ۋە ئۇنىڭ شاھزادىلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ ئىدىقۇتنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ: «ئۇلارنىڭ سانسىزلىغان پادىلىرى بار، ئۇلار مالىنىڭ رەڭگە قاراپ پادىغا ئايرىيدىكەن، يىلقىلار تاغ، ئېدىرلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە يايلاپ يۇرىدىكەن»، «قوچۇدا پاختا، يىپەك گەزلىمىلەر توقۇلىدىكەن، ئادەملىرى جاسارەتلىك، چېۋەر ئىكەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ھەم قاشتاش ئەسۋابلىرىنى ياساشقا ماھىر ئىكەن» دەپ يازغان. قوچۇدا يەنە ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز، نەشپۈت، ئانار، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان باغۋەنچىلىكمۇ غايەت تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ ئۈزۈم مۇسەللىسى بىلەن داڭ چىقارغان. قوچۇ رايونىدا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن سودا شەھەرلىرى مەيدانغا كېلىپ، غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرغان سودا يولى - «يىپەك يولى» راۋاجلاشتى. قوچۇنىڭ ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان ھەر خىل ژانىرلاردىكى ئەسەرلەردىن قەدىمقى تىپىك داستان «ئوغۇزنامە»، «تۇرپان شېئىر - قوشاقلىرى»، بۇددىزىم رىۋايەتلىرى مەزمۇن قىلىنىپ يېزىلغان «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، چوڭ تىپتىكى دىراما «مائىترى سىمىت»، خرىستىيان دىنى مەزمۇنىدىكى ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە پارچىلار بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان نادىر ئەسەرلەردىن ئىدى؛ بۇ دەۋردە يەنە ئاتاقلىق ئالىملار، ئەدىپلەر، تەرجىمانلار دۇنياغا كەلدى. ئۇلاردىن ئاپرىنچور تېگىن، كول تارقان، سىڭقۇ سالى تۇتۇڭ، پراپتا ياشىرى، ئاسىخ تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، چىسۈيا قاتارلىقلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يۇقۇرقى ئەسەرلەر 9—10 - ئەسىرلەردىكى بۇددىزىم مەدەنىيىتى مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن. ئەگەر قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبى تىلى بولمىغان بولسا 9 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىسلامىيەتنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبى تىلى مۇنداق قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۇكسەك پەللىگە كۆتىرىلمىگەن بولاتتى. چۈنكى مەيلى خاقانىيە دائىرىسىدىكى ياكى قوچۇ دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ جەھەتتىكى ئىدىئولوگىيىلىك قارشى ئوخشاش ئىدى، مەدەنىيىتىدە بىرلىك بار ئىدى.

قەدىمقى زامانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسسامچىلىقىمۇ ئۇيغۇر قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ دەۋرنىڭ رەسسامچىلىقىغا تىپىك ۋەكىل قىلىپ تۇرپان بېزەكلىكتىكى تام رەسىملىرىنى ۋە دۈڭخۇاڭ (داش ئاتا) تام رەسىملىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ تام رەسىملىرىدە ساز چېلىۋاتقان ئۇيغۇر سازەندىلىرىنىڭ رەسىملىرى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمەلىي

تۆرمۇشدىن ئېلىنىپ سىزىلغان رەسىملەر ئىدى. ئۇيغۇر سازەندىلىرى چېلىۋاتقان سازلار تەركىۋىدە كاناي، سۇناي، قوۋۇز، غىجەك، چاڭ ۋە باشقا تارىلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى، مەسىلەن، پەنجتار، خۇشتا قاتارلىق ھەر خىل مىللى مۇزىكا چالغۇ ئەسۋاپلىرىمۇ بار.

«مائىترى سىمىت» ناملىق دىرامىنى ئادياچاترا دىگەن كىشى سانسكرىت تىلىدىن توخار تىلىغا تەرجىمە قىلغان، تانراكست دىگەن يەنە بىر كىشى توخار تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق تەرجىمانلىرى دەپ ھىسابلىنىپلا قالماستىن، بەلكى سانسكرىت، سوغدى، خەنزۇ تىلى، ئىران تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن، ئۇلار تەرجىمىنى ناھايتى پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەيتتى. كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسلىنىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلىناتتى. تەرجىمە قىلىنغان بۇددا ۋە مانى دىنى نوملىرىنىڭ مەزمۇنى، تۆرلىرىدىن قارىغاندا، دىنى كىتاپلار، ھىكايىلەر، ھەر خىل نەسىھەتنامە خاراكتىردىكى ئەسەرلەر، دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، مۇناجاتلارنى ئىزاھلىغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
بىزەكلىك ۋە دۇڭخۇاڭدا تېپىلغان مەدىنى يادىكارلىقلار قوچۇ (بۇ يەردە بىر پارچە سۈرەت بار) ئۇيغۇر خانلىغى دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىغىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. «بىزەكلىك» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى «بىزەلگەن، زىننەتلەنگەن جاي» دىگەنلىك بولىدۇ؛ ئۇنىڭ كەڭ مەنىسىدىن ئالغاندا، تام رەسىملىرى، نەقىشلەر ۋە ھەيكەللەر بىلەن بىزەلگەن جاي يەنى سەنئەت ماكانى دىگەننى بىلدۈرىدۇ.

تۇرپاندىكى بىزەكلىك، تۇيۇق، بۇليۇق، قارا خوجا، ئاستانىلەردىن ۋە دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي پۇراق نامايەن قىلىنغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىغىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان ئىدى. تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان تۈرلۈك نەقىشلەر، تام رەسىملىرى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇر سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ مەھسۇلى. قەدىمقى ئۇيغۇر رەسسامچىلىق سەنئىتىدە تىزما رەسىملەر، تام رەسىملىرى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرۈش سەنئىتى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ خىل سەنئەتنىڭ تەكەمۇللاشقان شەكلى ئىدى. قوچۇ خانلىغى دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە ئەينى دەۋردىكى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى تەسىرى بولغاندىن تاشقىرى، زور كۆپچىلىگى ئەينى زامان ئۇيغۇر تارىخي ئەدەبىياتىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

كۇچا قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى. قەدىمقى زاماندا، بۇ يەردە ياشىغان ئۇيغۇرلار دۇنياغا مەشھۇر شانلىق «كۇسەن» مەدەنىيتى ياراتتى. بۇددىزىمنىڭ دۆلىتىمىزدە تارقىلىشىدا، كۇچا ئىنتايىن مۇھىم كۆۋرۈكلىك رول ئوينىدى. كۇچادا نۇرغۇن ئاتاقلىق تەرجىمانلار، مۇزىكانتلار، بۇددىزىم

ئۆلىمالىرى دۇنياغا كەلدى، كومىراجىۋا مۇشۇ مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر.
كومىراجىۋا مىلادىنىڭ 344 – يىلى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ھىندىستانلىق بولۇپ، ئانىسى كۇچالىق ئىدى. ئۇ 7 يېشىدا بۇددىزمنىڭ ھىنايانا نوملىرىنى ئۆگىنىپ، ھىنايانا مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان؛ 12 يېشىدىن كېيىن ماخايانا نوملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن؛ بىلىم ئېلىش ئىشتىياقى بىلەن ھەر قايسى ئەللەرنى ئارىلىغان؛ مەشھۇر بۇددىزم ئۆلىمالىرىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ناھايىتى كەڭ بىلىم ھاسىل قىلغان؛ ياش چېغىدىلا غەربىي يۇرتلاردىكى بۇددىزم ئەللىرى ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئۆلىما بولۇپ تونۇلغان.

384 – يىلى پادىشاھ فۇجيەن چوڭ جياڭجۈن لى گۇاڭنى ئەۋەتىپ كۇسەن دۆلىتىنى بويسۇندۇرغاندا، 41 ياشتىكى كومىراجىۋا لى گۇاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان. 385 – يىلى لى گۇاڭ لياڭجۇنى ئىشغال قىلىپ، كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى قۇرىدۇ. كومىراجىۋا (بۇ يەردە بىر پارچە سۈرەت بار) لياڭجۇدا 17 يىل تۇرۇپ خەنزۇ تىل – يېزىقىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. 401 – يىلى، كېيىنكى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ياۋشىڭ كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، كومىراجىۋانى چاڭئەنگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۇستازلىققا تەيىنلەيدۇ. كومىراجىۋا پادىشاھلىق تەرجىمە مۇئەسسەسىنىڭ شاۋياۋيۈەن باغچىسىدا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.
كومىراجىۋا ئۆز دەۋرىدە بىراخمى يېزىقىنىڭ مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە بۇددىزم نوم تەلىماتلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇچە تىلدىمۇ يېتىلگەن ئۇستاز بولۇشتەك ئىككى ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن، چىن پادىشاھى ياشىڭنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە داڭ چىقارغان راھىپلار بىلەن بىرلىشىپ، نوم تەرجىمە ئىشلىرىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن. كومىراجىۋا تەرجىمانلىق پائالىيىتىدە نۇرغۇن ئىزلىنىپ «5 نى ئۆزەرتىش»، «3 كە تەگمەسلىك» جەھەتتە مەنە تەرجىمە ئېقىمىنى يارىتىپ، بۇرۇن ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان جىژچيەن، كاڭ شىڭفۇلارنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئەسلىگە سادىق بولماسلىقتەك نوقسانلارنى تېپىپ چىققان. ئۇ تەرجىمە ئىشىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇ تەرجىمە توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقتىن، چاڭئەندە تۇرغان 10 يىل ئىچىدە پۈتۈن زېھنىنى تەرجىمە ئىشىغا قارىتىپ تەرجىمىنى مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىپ، ئىلگىرى تەرجىمە ئىشىدا مەۋجۇت بولغان سەل قاراشتەك ئاجىزلىقلارنى تۈگەتكەن. ئۇ تەرجىمە (بۇ يەردە بىر پارچە سۈرەت بار) ئىشىدا نومنىڭ براخمانچە نۇسخىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مەنىسىنى خەنزۇچە شەرھلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ شەرھلىگەن مەزمۇنى مۇھاكىمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە يېزىلغان ھەتتا 2—3 مىڭ مەشھۇر راھىبلارنىڭ تەپسىلىي مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن نومنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ چىقاتتى. غەربىي يۇرتلاردىكى يېزىق نۇسخىلىرىدا خاتالىق بولسا براخمى نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈزىتەتتى. تەرجىمە بېشىدىن - ئاياق راۋان بولغاندا ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىشنى قارار قىلاتتى. كومىراجىۋا مۇنداق ئالىجاناپ يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن 300 نەچچە جىلد نوم ۋە شاستىر (بۇددىزم تەفسىرلىرى) نى تەرجىمە قىلىپ چىققان،

ئۇنىڭ تەرجىملىرى 35 كىتاپ، 294 جىلدكە يەتكەن. «جىن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» نىڭ «خاتىرىلەر» بابىدا «ھازىرقى يېڭى نوملارنىڭ ھەممىسىنى كومىراجىۋا تەرجىمە قىلغان» دېيىلگەن. (بۇ يەردە بىر پارچە سۈرەت بار). ئۇ جان ئۇزۇش ۋاقتىدا: «ئەگەر تەرجىمەمدە ئاساسىي مەزمۇن يوقاپ كەتمىگەن بولسا، ئۆلگىنىمدىن كېيىن تېنىم كۆيدۈرۈلسىمۇ تىلىم ساق قالغاي» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئۆمرىنى بۇددىزىمنىڭ تەلىماتلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ئەڭ سادىق، ئەڭ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، جۇڭگو بۇددىزىم تەرجىمەشۇناسلىقىنىڭ گۈلتاجى بولۇپلا قالماستىن، ئىلىمىزنىڭ ھىندىستان ۋە غەربىي يۇرتلار بىلەن بولغان مەدەنىيەت مۇناسىۋەت تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. (بۇ يەردە بىر پارچە سۈرەت بار)

ئىزاھاتلار:

① «مەدىنى يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانى.

②③ «تارىخنامە. ھونلار تەزكىرىسى»، 9 - جىلد، 2879 - بەت.

④ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» 5198 - بەتكە قارالسۇن.

⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 1 - توم، 151 -، 152 - بەتلەر.

⑥ ئاخمىنىدىلار سۇلالىسى - مىلادىدىن 550 يىل ئىلگىرى ئىراندىكى ئاخمىنىد قەبىلىسىدىن بولغان دارىئو I تەرىپىدىن قۇرۇلغان پارىس دۆلىتى. بۇ سۇلالە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 336—330 - يىللىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تەرىپىدىن يوقىتىلغان ئىدى.- ت.

⑦ ئوبۇلغازى باھادۇرخان مىلادىنىڭ 1663—1669 - يىللىرى يازغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسەردىن.

⑧ «ئوغۇزنامە» 48—49 - بەتلەر. مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل نەشرى.

⑨ كۇسەن - كۇچانىڭ قەدىمقى يەنە بىر ئىسمى.

## ئىككىنچى باب ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا

### 1- بۆلۈم ئەرەب ئىستىلاسى

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ماۋرا ئۇننەھرگە[1] ۋە خۇراسانغا خوشنا بولغان كەڭ جايلاردا 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمدىكى تۈرك دۆلىتى قۇرۇلدى. بۇ جايلاردا 7 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدىن تاكى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە شاش (تاشكەنت) خانلىقى، پەرغانە خانلىقى، سوغدىيان (سەمەرقەنت) خانلىقى، بۇخارا خانلىقى، خارەزىم شاھ خانلىقى، كۇشانىيە خانلىقى ھۆكۈم سۈردى. بۇلاردىن باشقا، بارجاقلار ۋە تاھىرىيە خانلىقىمۇ بولغان ئىدى.

يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ۋادىسىدا ياغمىلار ياشايتتى. ئىسسىق كۆلنىڭ ئەتراپىدا ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ نارىن ئارىلىقىغىچە بولغان جايلاردا چىگىللەر ياشايتى، يەتتە سۇدا توخسى قەبىلىلىرى بار ئىدى.

بۇ دەۋرلەردە تارىم ۋادىسى بىلەن ماۋرا ئۇننەھردە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا كۆپلىگەن سودا شەھەرلىرى مەيدانغا كېلىپ، سودا ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ماۋرا ئۇننەھر، چۇ، تالاس ۋادىلىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، مەدەنىيىتى يەنىمۇ ئۆستى. جۇڭگو ساياھەتچىسى شۈەن جۇاڭ (602–664 ـ يىللار) نىڭ «غەربىي يۇرتلارغا ساياھەت» دىگەن ئەسىرىدە: «چۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا ياشىغۇچى ئاھالە مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىكەن، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، تىل ـ يېزىقى ئوخشاش ئىكەن. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تارتىپ يېزىلىدىغان سۇرىيە يېزىقى ئاساسىدىكى 32 ھەرپلىك ئېلىپبەسى بار ئىكەن. تارىخىي ئەسەرلىرىمۇ بار ئىكەن» دەپ يازغان ئىدى. ئىلى، چۇ ۋە سۇياپ دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان تۈركەشلەر 638 ـ يىلى سۇياپنى چوڭ ئوردا، ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمالىقنى كىچىك ئوردا قىلىپ، تۈركەش دۆلىتىنى قۇردى. بۇ تۈركەش دۆلىتى 8 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. تۈركى خەلقلەردىن بولغان قارلۇقلار تۈركەشلەرنىڭ ئەسلى ماكانلىرىنى بېسىۋېلىپ، 616–656 ـ يىللىرى قارلۇق دۆلىتىنى قۇردى. بۇ چاغدا تالاس، سۇياپ[2] شەھەرلىرى قارلۇقلارغا قارايتتى. شۈەن جۇاڭ: «بۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن، يەنە بىر قىسمى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. چۇ دەرياسى بويىدىكى سۇياپ شەھىرى سودا مەركىزى ئىكەن. ئاھالە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە چېچىنى بېشىغا يۆگەپ، چوققىسىنى ئوچۇق قويىدىكەن. بەزىلىرى چېچىنى چۇشۇرۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پېشانىسىگە ياغلىق چېگىۋالىدىكەن» دەپ يازغان.

7 ـ ئەسىردە بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىمۇ بىر قانچە شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەردە تۈركىي خەلقلەر ياشايتتى، ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئايرىم ھاكىملىرى بولغان. شۈە جۇاڭ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن تۈرك خانلىرىنىڭ بىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ خاقان ئۈستىگە يىپەك تون كىيگەن، چېچىنى قويۇپ بەرگەن بولۇپ، پېشانىسىنى يىپەك ياغلىق بىلەن بىر نەچچە قات ئورىۋالغان. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ چېچىنى ئۇزۇن قويىۋېتىدىكەن. خاقان ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن چېدىردا مېنى قوبۇل قىلدى.

يېپەك كىيىملەرنى كىيگەن چوڭ ئەمەلدارلار چېدىرغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە خاقاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بار ئىدى. ماڭا تۈرك خاقانى زىياپەت بەرگەندە، ئادەمنى لەززەتلەندۈرۈپ، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان مۇزىكىلار چېلىندى. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاۋال گۆش قويۇلۇپ، ئاندىن شاراب تۇتۇلدى. ئۇسۇملۇك يېغىدا پىشۇرۇلغان تاماقلار ۋە سۈت كەلتۈرۈلدى.»

شۇ چاغلاردا، ماۋرا ئۇننەھردىكى خارەزىم دۆلىتىدە يەر ئىگىلىرى «دىخان» دەپ ئاتىلاتتى. («دىخان» پارىسچە سۆز بولۇپ، يەر ئىگىسى مەنىسىدە) ھاكىملارمۇ «دىخان» دەپ ئاتىلاتتى. ھاكىملار ئېسىلزادىلەردىن ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىمۇ «دىخان» نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ماۋرا ئۇننەھردىكى ھاكىمىيەت ئىراندىكى ھاكىمىيەت تەشكىلىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ھاكىم ئاستىدا «چاكار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر بار ئىدى. بۇ جايلاردىكى تۈركى خەلقلەر، ئاساسەن، زەرەدەش، بۇددا، نىستۇرى، مانى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى.

زەرەدەش (ئاتاشپەرەسلىك) دىنى ئەڭ ئاۋال ئىراندا ئاۋۇئاسترا نامىلىق كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن مىلادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرى دارا ③I نىڭ دەۋرىدە ئىران پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

بۇ دىن: «ئالەم ياخشىلىق – يامانلىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل قۇۋۋەتنىڭ كۈچىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا كۆرەش قىلىدۇ. ئاخىرىدا ياخشىلىق يامانلىقنى، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى يېڭىدۇ. ئوت بولسا ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، زەرەدەش دىنى ئوتنى مۇقەددەس دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى قىلاتتى.

زەرەدەش دىنى ئىراندا دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، جايلاردا ئاتەشكۇرە (ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى)لەر تەسىس قىلىندى. زەرەدەش دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئىراندىكى ئاھالە يۇلتۇزغا چوقۇناتتى. ئىراندا زەرەدەش دىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. خەلىپە ئۆمەر (634–644 – يىلغىچە خەلىپە بولغان) زامانىسىدا ئەرەپلەردىن سەئىد ئىبنى ۋاققاس ئىراننى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئىراننىڭ رەسمى دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن زەرەدەش دىنى بۇ يەردىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئىراندا قالغان زەرەدەش مۇخلىسلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتتى. ھىندىستاندىكى بومبايدا، ئىراننىڭ يەزدى شەھرىدە ۋە باشقا جايلاردا خېلى نۇرغۇن ئاھالە ھېلىمۇ زەرەدەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. زەرەدەش دىنىنىڭ «زىند ئاۋېستا» نامىلىق كىتاۋى ھازىرمۇ مۇقەددەس كىتاپ دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاپ ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى ياۋروپادا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئىسلام دىنى ئەڭ ئاۋال 570–632 – يىللاردا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلدى، كېيىنچە ئەرەپلەرنىڭ رەسمى دۆلەت دىنى بولدى، 7 – ئەسىردە، غەربىي ئاسىيادا باش كۆتىرىشكە ۋە كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن ئىرانغا كېڭەيدى. يەنە ئىراندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا

تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشتى. خەلىپە ئۆمەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، ئىسلام قوشۇنى ئىران، ئىراق، مىسىر، سۇرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى ۋە ئىران پادىشاھسىنى مەغلۇپ قىلىپ، كېيىن خۇراسان ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بېسىپ كىردى. خەلىپە ئوسمان (644—657 - يىللاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن)نىڭ زامانىسىدا خۇراسان مەملىكىتى ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئەرەبلەر 653 - يىلى خۇراسان ۋالىسى ئەھنەق ئىبنى قەيسىنىڭ قوماندانلىقىدا شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، بەلخنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن توخارىستان قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. بۇ جايلاردىكى تۈركلەر ئىسلامغا تەۋە بولدى. خەلىپە ئابدۇلمۇلۇك دەۋرىدە (699—700 - يىللار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن تۈرك زېمىنلىرىغا داۋاملىق يۈرۈش قىلدى.

ئابدۇلمۇلۇك ئىراق ۋالىسى مەشھۇر ھەججاجنى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ھەججاجنىڭ قول ئاستىدىكى مۇھەللەپ ئىبنى ئەبى سۇپرە ئەرەپ قوماندانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئىدى. ئۇ 700 - يىلى ئامۇ دەريانى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى.

ھەججاج 705 - يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئىسىملىك بىر قوماندانىنى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. قۇتەيبە توخارىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، تۈرك خانلىقىنى بويسۇندۇردى؛ 706 - يىلى ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ، باي كەنتكە ھۇجۇم قىلدى. تۈركلەر قۇتەيبە قوماندانلىقىدىكى ئەرەپ ئەسكەرلىرىنى 2 ئاي مۇھاسىرە قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆزلىرى مەغلۇپ بولدى. قۇتەيبە باي كەنت ئاھالىسىنى دەھشەتلىك ھالدا قىرغىن قىلدى، ئاھالىنىڭ بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلىدى، شەھەرگە ئوت قويىدى.

تۈرك خاقانى كول تېگىن پەرغانە ۋە سوغدى تۈركلىرىنى ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قارشى سەپەرۋەر قىلىپ، ئامۇ دەريا بويىدىكى تىرمىز شەھرىگە ئورۇنلاشتى. 707 - يىلى، قۇتەيبە ئىسلام ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ، كول تېگىن باشچىلىقىدىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدى. كول تېگىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى، 2 - قېتىم (708 - يىلى) يەنە كۈچ توپلاپ سوغدىياناغا يۈرۈش قىلىپ، قۇتەيبەنى مەغلۇپ قىلدى.

قۇتەيبە بۇ مەغلۇبىيەتنى ھەججاجقا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ماۋرا ئۇننەھرنىڭ خەرىتىسىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەججاج ئىسلام ئەسكەرلىرىنى قايتا تەشكىللەپ، ئىراندىن بىر قىسىم مۇسۇلمان قوشۇنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. مىلادىنىڭ 709 - يىلى، قۇتەيبە بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. كول تېگىن قوشۇن بىلەن سەمەرقەنتتىن بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. مۇشۇ جايدا تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا كول تېگىن قاتتىق جاراھەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇخارا، سەمەرقەنت، سوغدى خانلىقلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن قۇتەيبەگە تەسلىم بولدى. قۇتەيبە بۇ رايونلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇردى. مىلادىنىڭ 712 - يىلى، ئەرەبلەر سەمەرقەنتتە تۇنجى قېتىم مەسچىت سالدى. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم سەمەرقەنتكە ۋالى قىلىپ تەيىنلەندى. ئەرەبلەر مىلادىنىڭ 713 - يىلى پەرغانە ۋە خوجەندنى بويسۇندۇردى؛ 714 -

يىلى كاسان④ شەھرىنى ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى شاش (تاشكەنت) ئۇرۇش قىلمايلا ئەرەپلەرگە تەسلىم بولدى. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم تۈرك ئەللىرىگە قىلغان يۈرۈشلىرىدە ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەي، 715 – يىلى (بەزى رىۋايەتتە 716 – يىلى) ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەرۋىدە ئۆلتۈرۈلدى.

جامال قارشى يازغان «قەشقەر تارىخى» دېگەن كىتاپتا: «715 – يىلى ئۆلتۈرۈلگەن ئەرەپ سەردارى قۇتەيبەنىڭ قەۋرىسى قوقەندە. قوقەندىكى بۇ قەبرىستانلىقتا يەنە ئىمام ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسى بىلەن ئىمام مۇھەممەت باقىرنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللا (731 – يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ قەۋرىسمۇ بار ئىدى» دېيىلگەن. شۇڭا بۇ جاي مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان.

ئىسلام تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە قۇتەيبەنى ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ قەھرىمانى دەپ مەدھىيىلىشىدۇ. دەرۋەقە، قۇتەيبە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشتە ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھەللەپلەرنىڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاش مەشھۇر قوماندانلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئىسلامىيەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قىلغان يۈرۈشلىرىدە مىسلىسىز دەرىجىدە زالىملىق قىلىپ، ھەجاجنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ تۈرك ۋادىلىرىدا زۇلۇم تىغى بىلەن قان تۆكۈشتە ھەجاجدىن قېلىشمىدى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنىمۇ قىردى. ئۇ توخارىستاننى ئىشغال قىلغاندا، شەھەر ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. قۇتەيبەنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى، خەلقنىڭ غەزىۋىدىن تاشقىرى، ئۆز ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا قارشى كۈچنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قۇتەيبە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن خەلقلەر ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالدى. بەزى شەھەرلەر مۇستەقىللىق جاكارلاپ ئەرەپلەر تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەپلەر بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ئۇزاق داۋام قىلدى.

716 – يىلى كول تېگىن ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇتلۇق قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە خاقان بولدى. بىلگە خان زامانىسىدا كول تېگىننىڭ ئىنىسى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئىدى. كول بىلگە خان 734 – يىلى ۋاپات بولدى.

718 – يىلى، خەلىپە سۇلايمان ۋاپات بولدى. 719 – يىلى سوغدى تۈركلىرى سەمەرقەنتتىكى ئەرەبلەرگە ھۇجۇم قىلدى. خوراسان ۋالىسى ئەسكەر توپلاپ سەمەرقەنتكە بېسىپ كىرىپ، ئاھالىنى قىرغىن قىلدى.

ئىسلام تارىخىدا «خاقانى تۈرك» دەپ مەشھۇر بولغان چولۇق خاقان سوغدىيانا تۈركلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق ھادىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 721—722 – يىللىرى سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، ئەرەبلەر بىلەن كۆپ قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۆزى مەغلۇپ بولدى.

725 – يىلى، ئەرەب قوماندانى مۇسلىم ئىبنى سەئىد پەرغانىگە قايتا ھۇجۇم قىلىپ، خۇجەند شەھرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا چولۇق خاقان تالاستىن ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، مۇسلىم ئىبنى سەئىدنى مەغلۇپ قىلدى ۋە خۇجەندنى قايتۇرۇۋالدى.

726—727 ـ يىللىرى چولۇق خاقان خوراسان ۋالىسى ئەسئەت ئابدۇللانىڭ ماۋرا ئۇننەھردە تۈركلەر بىلەن تۇتۇشۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئەرەپلەر مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. 727 ـ يىلى، ئەسئەت ۋالىلىقتىن بوشىتىلىپ، ئورنىغا ئەشرەس ئابدۇللا قويۇلدى، ئەشرەس سالىھ تەرىق دىگەن ئۆلىمانى ماۋرا ئۇننەھردىكى تۈركلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. سالىھ تەرىق خەلقنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئىشەنچ ـ ئەقىدە تىكلىنىپ، «مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى. جايلاردا مەسچىتلەر بىنا قىلىندى. كىشىلەر قۇرئان ئوقۇش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى»،[5] «ئەشرەس ئىسلام دىنىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغانلارنى، ئىسلام قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغانلارنى، قۇرئاندىن بىر سۈرە ئوقۇشقا ئىقتىدارى بولغانلارنى ئازات قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.»[6] تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلەردىن سېلىق ئالمىغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئۇلارنى سۈننەتكىمۇ تەكلىپ قىلماسلىقتا بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىردى. سېلىق ئېلىپ تاشلانغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ غەزىنىسىگە كىرىدىغان دارامەت زور مىقداردا ئازىيىپ كېتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئاساسى ئاجىزلاپ قالدى. شامنىڭ غەزنىچىسى ئەشرەس ۋالىغا يازغان بىر مەكتۇبىدا: «مالىيە مەبلىغى ئازىيىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچى مالىيە مەبلىغى بىلەن بۇلىدۇ. ئاڭلىشىمچە، سوغدىياندا ۋە باشقا يۇرتلاردا تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلار بار ئىكەن، ئۇلار مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپ باج بېرىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانمىش. بىزنىڭچە، خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتقان ۋە قۇرئاننى ياد ئالغان كىشىلەردىن سېلىق ئالمىساق. ئۇندىن باشقا، پەرزلەرنى ئادا قىلمىغان، قۇرئاننى ياد ئالمىغانلاردىن مۇسۇلمان دىگىنىگە قارىماي سېلىق ئالساق» دىيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار تۈركلەردىن يەنە سېلىق ئېلىشقا باشلىدى. بۇ ھال ئاھالە ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، ئىسيانغا سەۋەبچى بولدى. ئەشرەس ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ۋەكىلى سالىھ تەرىقنى ۋە بىر قانچە ئەمەلدارنى تۇتۇپ كېلىپ قاماققا ئالدى. بۇ خىل زورلۇق ـ زومبۇلۇقنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ۋە تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بارلىق تۈركلەر بىرلىشىپ چولۇق خاقاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

مىلادىنىڭ 729 ـ يىلى، چولۇق خاقان نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، پەرغانە، تاشكەنت ۋە سوغدىيان تۈركلىرىنى ئەرەبلەرگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. تۈرك ئەسكەرلىرى بۇ ئۇرۇشتا سوغدىيان ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئەرەپ ئەسكەرلىرىنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەشرەس بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، مەرۋىدىن يۈرۈش قىلىپ، ئامىل شەھرىنىڭ يېنىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. لېكىن، كېيىنكى بىر قېتىملىق تۇتۇشۇشتا چولۇق خاقان مەغلۇپ بولۇپ، باي كەنتنى ئەشرەسكە تارتقۇزۇپ قويدى. ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە بۇخارا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرى ئەرەپلەرگە، پەرغانە، خەتەل (قارا تېگىن)، توخارىستان ۋە سوغدىيانىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەرگە قارايدىغان بولدى.

مىلادىنىڭ 730 ـ يىلى، ئەشرەس خۇراساننىڭ ۋالىلىغىدىن يىقىلىپ، ئورنىغا جۇنەيد ئابدۇرەھمان ۋالى بولدى، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي توخارىستانغا ھۇجۇم قىلدى. چولۇق خاقان بۇنى ئاڭلاپ، ئەرەبلەرنىڭ قولىدىكى سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ جۇنەيدنىڭ قوشۇنىنى قورشىۋالدى. جۇنەيد خوراساندىن ياردەم تەلەپ قىلدى، ياردەمگە كەلگەن ئەرەب قوشۇنلىرى چولۇق خاقان بىلەن سوقۇشۇپ ئاخىرى غەلىبە قىلىپ، بۇخارانى ئالدى. چولۇق خاقان تالاسقا چېكىندى. كېيىنكى ئۇرۇشلاردا ئەرەبلەر بۇخارا، سەمەرقەنت شەھەرلىرىنى يەنە تۈركلەرگە تارتقۇزۇپ قويدى. ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھەممىسى، توخارىستان ۋە بەدەخشاندىن ئىبارەت تۈرك يۇرتلىرى يەنە چولۇق خاقانغا تەۋە بولدى.

بۇ دەۋردە چولۇق خاقان تۈركەش دۆلىتىنىڭ چېگرىسى تازا كېڭەيگەن ئىدى. تۈركەش دۆلىتى ئون قەبىلىنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاقداش دۆلەت ئىدى. ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى بەش قەبىلە چولۇق خاقاننىڭ تەۋەلىگىدە بولۇپ، كىشىلەر بۇ بەش قەبىلىنى «قارا تۈركەش» ياكى «غەربىي تۈركەش» دەپ ئاتايتتى. ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى جايلار چولۇق خاقاننىڭ قول ئاستىدىكى كول چۇر باغاتۇرخان ئۇنۋانلىق بىر ۋالىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. چولۇق خاقان 738 ـ يىلى ماۋرا ئۇننەھردىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. كول چۇر باغاتۇرخان چولۇق خاقاننىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش نامى بىلەن توقماق شەھىرىگە كېلىپ، خاقاننى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈردى. 739 ـ يىلى كول چۇر باغاتۇرخان ئۆزىنى تۈركەش خاقانى دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، تۈركەش دۆلىتى ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، ئەبۇ مۇسلىم باشچىلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ توخارىستان ۋە ماۋرا ئۇننەھرگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 742 ـ يىلى ئۇ يەردە يەنە ئەرەبلەر ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى.

766 ـ يىلى، يەتتە سۇ، سىر دەريا ۋە سۇياب ئەتراپىدا ياشايدىغان قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خۇراساننى ئىگىلىگەندىن كېيىن تىكلىگەن ھاكىمىيەت تارىختا بارماقىلار[7] ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالدى. بارماقىلار ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. مىلادىنىڭ 786—809 ـ يىللىرى بارماقىلار خانلىقى زەئىپلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تاھىرىيە خانلىقى باستى. تاھىرىيە خانلىقىنىڭ باشلىقى خۇراساننىڭ چوڭ يەر ئىگىسى بولغان ئاقسۆڭەك تاھىر ئىبنى ھۈسەيىن بولۇپ، بۇ خانلىق ئۇنىڭ نامىدا تاھىرىيە خانلىقى دەپ ئاتالدى. تاھىر مىلادىنىڭ 809—813 ـ يىللىرى مەمۇن بىلەن ئامىن ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە مەمۇن (ھارۇن رەشىتنىڭ ئوغلى) نى قوللاپ، ئۇنىڭ باغدات خەلىپىلىكىنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەن ئىدى.

مەمۇن 813 ـ يىلى خەلىپىلىك تەختىگە چىققاندىن كېيىن، تاھىر ئىبنى ھۈسەيىننى ئەڭ يېقىن كىشىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، باغداتتا لەشكەر باشلىقلىغىغا، كېيىن ئىراندا ئىگىلىك باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىغىغا تەيىنلىدى. مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى ئۇنى خۇراساننىڭ نائىبى (ۋالى دەرىجىلىك ئەمەلدار) قىلىپ بەلگىلىدى. تاھىر ئىبنى ھۈسەيىن خۇراساننىڭ پادىشاھلىغىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش مەقسىدىدە، مەسچىتلەردە خەلىپە نامىغا ئوقۇلىدىغان قۇتبىنى چىقىرىپ تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ خەلىپىگە قارشى ئاشكارە ئىسيان كۆتۈرگەنلىگى ئىدى.

تاھىر 822 – يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا (ۋالىلىققا) ئابدۇللا ئىبنى تاھىر چىقتى. ئابدۇللا تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە (مىلادىنىڭ 844 – يىلىغىچە) بۇ مەنسەپنى ئىگەللەپ، خەلىپە دۆلىتىگە ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئەرەپلەر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى دەھشەتلىك باستۇردى، دىخانلار ئۈستىدىن ئېلىنىدىغان باج – سېلىقنى ھەددى – ھېسابسىز كۆپەيتتى. «تارىخىي تەبىرى» دىگەن كىتاپتا بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇللا ئىبنى تاھىر ئۆزىگە قاراشلىق ۋىلايەتلەردىن توپلىغان سېلىقنىڭ مىقدارى 48 مىليون دەرھەمگە يەتكەن. ئۇ ھەر يىلى خەلىپىگە 44 مىليون 846 مىڭ دەرھەم ئاقچا، 13 ياخشى ئات، 2000 قوي، 2000 قۇل، 1187 توپ بوز تۆلەپ تۇرغان. تاھىر مۇشۇ يوللار بىلەن خەلقنى قاتتىق ئەزگەن.

بارتولد ئۆزىنىڭ «ئىراندىكى دىخانلار ھەرىكىتىنىڭ تارىخى» دىگەن ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، ئابدۇللا ئىبنى تاھىر 839 – يىلىدىكى تابارىستان دىخانلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. تاھىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بوي سۇنمىغان سامانىلار ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. تاھىرىيە خانلىقى 873 – يىلى يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماۋرا ئۇننەھردە بىر ئەسىر داۋام قىلغان كۈرەش نەتىجىسىدە سامانىلار خانلىقى مەيدانغا كەلدى.

## 2- بۆلۈم سامانىلار خانلىقى
## (874–999 – يىللار)

سامانىلار خانلىقى ماۋرا ئۇننەھردە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ دۆلەت ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت ئىبنى مانسۇر ئىبنى سامانى نامى بىلەن ئىسقارتىلىپ «سامانىلار دۆلىتى» دەپ ئاتالغان.

سامانىلار دۆلىتىنىڭ تەۋەسىگە خۇراسان، ماۋرا ئۇننەھر ۋە جۇرجان قاتارلىق جايلار كىرەتتى. بۇ دۆلەت ئىسلام دىنىنى ماۋرا ئۇننەھردىن شەرققە كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە سامانىنىڭ 4 ئوغلى خاندانلىققا ۋارىسلىق قىلدى. سامانىنىڭ ئوغۇللىرى مەمۇنغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا قاتناشقان ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئاتەشپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، مەمۇننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. كېيىن مەمۇن ئۇلارنى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى.

سامانىلار دۆلىتى فېئوداللىق دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققى قىلغان، تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلانغان ئىدى. سامانى 820 – يىلىدىن 865 – يىلىغىچە پەرغانە ۋادىسىدا ھۆكۈمرانلىق

قىلدى. ئۇ 865 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر ئىبنى ئەخمەت سامانىلار تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى (865—892). ناسىر تەختكە چىقىپلا ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇخارا، شاش ۋە قاشقا ۋادىسىغا ھەتتا قەشقەرغىچە يۈرۈش قىلدى.

خۇراسان ھاكىمى مۇھەممەت ئىبنى تاھىرنىڭ ئىنىسى ھۈسەيىن ئىبنى تاھىر 874 - يىلى بۇخارانى ئېلىپ، بۇخارا ۋە خارەزىم ۋىلايىتىگە ۋالى بولدى. ئۇ بو قېتىمقى يۈرۈشتە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئاتىرشا شەھەر ئاھالىسىنى بۇلىدى ۋە قىردى. ھۈسەيىن بۇخارا ھاكىمى بولغان ۋاقتىدا ئۆزىگە قاراشلىق جايلارغا ئېغىر سېلىق سالدى. ئاھالىنى پۇللارنى كۈمۈش پۇلغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاھالە قاتتىق نارازى بولدى. نارازى بولغان خەلق ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە ئوردىغا ئوت قويدى. شەھەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى سەمەرقەنتتىكى ناسىر ئىبنى ئەخمەتكە ۋەكىل ئەۋەتىپ، سامانىلار خانلىغىدىن ھۈسەيىننى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھاكىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەكلىپ ناسىر ئىبنى ئەخمەتنى خوشال قىلدى. چۈنكى ئۇ ماۋرا ئۇننەھرنى سامانىلار ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئېلىپ، بۇ جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئىدى. ناسىر ئىبنى ئەخمەت ئۆز ئىنىسى ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەتنى بۇخاراغا ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. ھاكىم ئالماشقان بولسىمۇ، ئېزىلگەن دىخانلار يەنىلا ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمىدى.

ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت (874—907 - يىللىرىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) يەنىلا دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش بىلەن بەنت ئىدى. نەرشەخى[8] «بۇخارا تارىخى» دىگەن ئەسىرىدە: «بەركەت بىلەن راستان ئوتتۇرىسىدا 4 مىڭ دىخان قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئىسمايىل قوزغىلاڭچى دىخانلارنى قورال كۈچى بىلەن باستۇردى» دەپ بايان قىلغان.

ناسىر ئىبنى ئەخمەت ئاشۇ يىللاردا پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە كۈمۈش پۇل چىقاردى. بۇ ئىلگىرى تاھىرىلەرگە بېرىلگەن ئىمتىياز ئىدى. 887 - يىلى سەمەرقەنتتە چىقىرىلغان پۇل (دەرھەم) سامانىلارنىڭ تۇنجى دەرھەملىرىدىن بولۇپ ھىسابلىناتتى. ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت ناسىرغا بويسۇنۇشنى خالىماي، مۇستەقىل بولۇشقا ھەرىكەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەمەرقەنت غەزنىسىگە سېلىق، باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. ناسىر ئىبنى ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش ھەرىكتى باشلىنىپ، تاكى 888 - يىلغىچە داۋام قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ناسىر ئىبنى ئەخمەتنىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قالدى، ماۋرا ئۇننەھر پۈتۈنلەي ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. ناسىر ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى سەمەرقەنتتە ئۆتكۈزۈپ، 893 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسمايىل تەختكە چىقىپ ئۈزۈنغا قالماي تىرازغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ جايدىكى تۈركلەرنىڭ 10 مىڭدەك ئەسكىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى قولغا چۈشۈردى، نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بولدى. ئىسمايىلنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلىرى ھەر بىر ئاتلىق ئەسكەرگە 10 مىڭ دەرھەمدىن توغرا كەلدى. ئىسمايىل تارازنى ئىگىلىگەندىن كېيىن بۇتخانىلارنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت بىنا قىلدى. مۇپتى، شەيخۇلئىسلام مەنسەپلىرىگە دىنىي كىشىلەردىن قويۇپ، ئۇلارنى

ئۇستاز نامى بىلەن ئاتىدى. 9 – ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىدا ئىراندا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشتىكى تاشقى سىياسەت ئۆزگىرىپ، مۇھىم نوقتا شىمالىي ۋە جەنۇبىي رايونلارغا قارىتىلدى. خۇراساننىڭ ھاكىمى ياقۇپنىڭ ئۇكىسى ئەمىر سەپپا ئارى (879—900 – يىللار) ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەتنىڭ زامانىدىشى ئىدى. باغدات خەلىپىلىكى ئەمىر سەپپا ئارى بىلەن ئىسمايىل سامانىنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئىسمايىلدىن پايدىلانماقچى بولدى. ئۇلار 900 – يىللارغىچە ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا ئىسمايىل غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سامانىلار دۆلىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسمايىل شەرقىي ئىراننىڭ چوڭ ئوبلاستلىرىنى قوشۇۋېلىپ، ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ تېخىمۇ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركلەردىن ياللانما قوشۇن قۇرۇشقا تىرىشتى. ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مۇنتىزىم دۆلەت تەشكىلاتىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ كېتەلمىدى. بۇ دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن دېخانلار ۋە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دېخانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى دائىم نارازىلىقنىڭ تۇغۇلۇشىغا، قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەپ بولاتتى.

سامانىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە يۈرگۈزگەن مەركەزلەشتۈرۈش سىياسىتى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. سامانىلار ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن غەزنە، گۇرجىستان، خارەزىم، ئىسپىجاپ قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمىدى. بۇ جايلاردىكى يەرلىك ھاكىملار مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئېتراپ قىلمىدى.
ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئىدىيىدىكى كىشىلەرگە ۋە فېئوداللارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان كىشىلەرگە تايىنىپ ئىش كۆردى. ئىسمايىلنىڭ ئوغلى ئەخمەت (907—914 – يىللاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) ئەرەپ تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتىشنى قۇۋۋەتلەپ، ئەرەپ تىلىنى بىلگەنلەرگە ھامىلىق قىلغانلىقتىن، ساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن تۈرك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە ئەخمەتنىڭ 8 ياشلىق ئوغلى ناسىر II – (914—943) يىللاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) چىقتى. ناسىر كىچىك بولغانلىقتىن دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىشنى ئۇنىڭ ۋەزىرى ئابدۇللا مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت جەيھانى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئەخمەت ئىبنى ئىسمايىل ھايات چېغىدا سامانىلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيانلار كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئىسمايىلنىڭ ئۇكىسى ئىسھاق ئىبنى ئەخمەتمۇ سەمەرقەنتتە قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئەمما بۇ قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلدى. 914 – يىلى ئەتىيازدا ئەبۇ سالىق مانسۇر ئىبنى ئىسھاق سەمەرقەنتتە قوزغىلاڭ كۆتەردى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ جەنۇپ تەرەپلىرىدە ئومۇمىي يۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەتتا بۇ قوزغىلاڭغا ئەخمەت ئىبنى ئىسمايىلنىڭ ئەڭ سادىق لەشكەر باشلىقلىرىدىن بولغان ھۈسەيىن ئىبنى ئېلىمۇ قاتناشتى. بۇ قوزغىلاڭمۇ دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇلدى. لېكىن، خەلقنىڭ قارشىلىقى

بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز پەسىيىپ قالمىدى. تاشكەنت ۋە قەشقەرنىڭ ياردىمى بىلەن 922 - يىلى ئىلى ئىبنى ئىسھاق باشچىلىقىدا سامانىلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىلىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە قارامىتە مەزھىبى پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. قارامىتلەر سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كىشىلىرىنى سامانىلار دۆلىتىگە كىرگۈزدى. ناسىر II زامانىسىدا خۇراسان، ماۋرا ئۇننەھردە قارامىتلەرنىڭ تەسىرى كەڭ تارقالدى. سامانىلارنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ مەزھەپنى قوبۇل قىلدى. ئاخىر ناسىر II مۇ قارامىتە مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ناسىر II دەۋرىدە مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت نەخشەبى ماۋرا ئۇننەھردىكى قارامىتلەرنىڭ رەھبىرى ئىدى. ناسىر II مۇ ئۇنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئىش كۆرەتتى. نەخشەبى فاتىمە خەلىپىلىگى دەۋرىدە بۇخارا زىندانىدا ئۆلگەن خۇراسان قارامىتلە رەھبەرلىكىنىڭ چوڭ رەھبىرى ھۈسەيىن ئىبنى ئىلىنىڭ خۇنى ئۈچۈن سامانىلار ھاكىمىيىتىنى 119 مىڭ دىنار تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. سامانىلارنىڭ قارامىتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرىشى ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن تۈرك ئەسكەرلىرى ئىچىدە قاتتىق نارازىلىق قوزغىدى. تۈركلەرنىڭ نارازىلىقى ئەمىرگە قارشى جامائەت پىكرى تەييارلىدى. نەتىجىدە ناسىر II تەختىنى ئۆز ئوغلى نوھقا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

نوھ تەختكە چىقىش بىلەنلا ئۆز ئاتىسى ناسىر II نى زەنجىرلەپ زىندانغا تاشلىدى، ئارقىدىنلا نەخشەبىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتتە قارامىتە مەزھىبىگە قارشى ھەركەت باشلىنىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى. نوھ قارامىتلەرنى قورال كۈچى بىلەن يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، يوقىتالمىدى. قارامىتلەرنىڭ تەسىرى ماۋرا ئۇننەھر ھەم خۇراساندا ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

نوھ ئىبنى ناسىر (943—954 - يىللاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندىن تارتىپ سامانىلار دۆلىتى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسىدە بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. قوزغىلاڭچىلار 942 - يىلى سامانىلار دۆلىتىنىڭ غەزىنىسىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ مالىيىسى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. نوھ مالىيە ئەھۋالنى ئوڭشىماقچى بولۇپ، ئالۋاڭ - ياساقنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالۋاڭ - ياساقنى مۇددەتتىن بۇرۇن يىغىۋېلىش ئۈچۈن ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى. نوھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە ئالۋاڭ - ياساقنى قەرز ئورنىدا مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن يىغىۋالاتتى. لېكىن بۇ قەرزنى ھۆكۈمەت ھېچقاچان تۆلىمەيتتى. روھانىلار تەرەپدارى بولغان نوھ ئۇلارنىڭ ۋەكىلى ئابدۇلفەزلى مۇھەممەت سۇلايمانىنى ۋەزىرلىك مەنسىۋىگە تەيىنلىدى. نوھ ئۆز ھاكىمىيىتىنى روھانىلارنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىش قىلدى؛ مەمۇرى ئەمەلدارلارنى روھانىلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە بەلگىلىدى. نوھ ھەتتا روھانىلارنى سېلىق تۆلەشتىنمۇ ئازات قىلدى.

يېڭى تەيىنلەنگەن ۋەزىر مۇھەممەت سۇلايمان پەقەت دىنىي ئىشلار بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا قىزىقمىدى. ھەر خىل ئالۋاڭ – ياساقلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئالۋاڭ – ياساقنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئاشۇرۇپ، ئۆز يېنىنى تولدۇرغانلىقى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. مالىيە ئەھۋالىنىڭ كۈندىن – كۈنگە يامانلىشىشى، ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى نارازىلىقنىڭ كۈچىيىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلاشقا قادىر ئەمەسلىكى دۆلەتنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى. نوھنىڭ ئاكىسى ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەت نوھقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خۇراسان نائىبى ئەبۇل ئېلى چېغانىنىڭ ياردىمى بىلەن 947 – يىلى بۇخارانى بېسىۋالدى. نوھ سەمەرقەنتكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەبۇل ئېلى بۇخارادىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، نوھ ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى قاتتىق بېسىقتۇردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئەبۇ ئەلى چىغانى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە نوھ بىلەن ئەبۇل ئېلى ئوتتۇرىسىدا يارىشىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا يەنى 954 – يىلى نوھ ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ كۆرەش نوھنىڭ ۋارىسى ئابدۇلمۇلۇك (954–961 – يىللاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى. ئابدۇلمۇلۇك سارايىنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىق مەنسىۋىنى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئىل تېگىنگە تۇتقۇزدى. ئابدۇلمۇلۇك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر III تەختكە چىقتى. ئەمما ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ كۆرەش يەنە داۋاملاشتى. بۇخارا ئاھالىسى قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار ئەمىر سارىيىنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلدى ۋە سارايغا ئوت قويدى. ناسىر III ئۇزۇن ئۆتمەي تەختىدىن ئاغدۇرۇلدى. نەتىجىدە ئىل تېگىن غەزنەگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ غەزنەدە دۆلەت قۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، 963 – يىلى ۋاپات بولدى.

مۇشۇ پەيتتە سامانىلار ھاكىمىيىتى ئىچىدىكى كۆرەش، بولۇپمۇ ساراي ئىچىدىكى كۆرەش قاتتىق ئەۋج ئالدى. بۇ ئەھۋال سامانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلدى. سامانىلارغا قاراشلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى جايلار مۇشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ دائىرىسى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. يېڭى ۋەزىرمۇ تەرتىپ ئورنىتالمىدى، نۇرغۇن جايلار قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. قوشۇنلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى جەبرى – زۇلمى ئاشتى، ھاكىمىيەت تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. ۋەزىرنىڭ ئەمىر – پەرمانلىرى ئاقمىدى. ناسىر ئارسلانخان ئېلىك 999 – يىلى سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سامانىلار خانلىقى مۇنقەرز بولدى.

## 3- بۆلۈم سامانىلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت شەكلى

9—10 – ئەسىرلەردە، سامانىلار دۆلەتنى ۋىلايەتلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سامانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى «ئەمىرۇلمۆمىنىن» (مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى) دىگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئابباسىلار سامانىلار دۆلىتىنى ئۆزىگە تەۋە دەپ قارىغاچقا، ئابباسىلار خەلىپىسى ئۇلارغا مۇشۇ نامنى بەرگەن ئىدى. سامانىلار ئابباسىلار خەلىپىلىرى قوللانغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىنى داۋاملاشتۇردى. سامانىلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى «مەركىزىي مەھكىمە» يەنى دەرگاھ (ساراي) ۋە «دىۋان» (ئىدارە) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېما بولۇپ، پۈتۈن دۆلەت 10 باشقارما بىلەن ئىدارە قىلىناتتى.

سامانىلار دەۋرىدىكى مەھكىمە تۈزۈمى پارسلارنىڭ ئەنئەنىسى بولۇپ، دۆلەت ئاپاراتى مەركىزى مەھكىمە بىلەن دىۋاندىن تەشكىل قىلىناتتى. بۇ ئاپارات خەلىپىگە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بىز بۇنىڭدىن شەرقتىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلارنىڭ ھەممە ئورگانلىرى ئىككى چوڭ سىستېما يەنى «مەھكىمە – دەرگاھ» ۋە «دىۋان»غا بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرىمىز. سامانىلارنىڭ مەھكىمىسى ۋە دىۋانىنىڭ باشلىقلىرى باش ھاجىپ، باش مىرزا، مىرزىلار ۋە باشقىلاردىن تەركىپ تاپاتتى. سامانىلار دۆلىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورگىنى بولغان دەرگاھنى باشقۇرىدىغان كىشى دۆلەتنىڭ سىياسى ھاياتىدىكى ھەممە ئىشلارغا ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئابرويلۇق شەخسلەردىن بولۇپ ھېساپلىناتتى.
مەركىزى مەھكىمە 10 دىۋاندىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ھەقتە نەرشەخى ئۆزىنىڭ «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «يۇقىرىدا مەركىزى باش مەھكىمە يەنى دەرگاھ ھەم دىۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا باش ھاجىپ[10] ۋەزىر ۋە دىۋان ئەمەلدارلىرى بولاتتى. باش مەھكىمە ۋىلايەتلەرگە ھاكىم تەيىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى» دەپ بايان قىلىدۇ. باش مەھكىمە دىۋان، باشقارمىلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلەرنى باش ھاجىپ باشقۇراتتى.
1. «دىۋان مۇستەخى» ب – مەھكىمىنىڭ باش مالىيە باشقارمىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن مالىيىسىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە مەخسۇس ھېساپچىلار ئىشلەيدىغان بۆلۈملەر بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ كىرىم – چىقىمىنى ئېنىقلاپ تۇراتتى.
2. «دىۋان ئەررا سائىل» – مەھكىمىنىڭ خەت – ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگان ئىدى.
3. «دىۋان ئىنشا» – بۇيرۇق – يارلىق باشقارمىسى بولۇپ، مەھكىمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم باشقارمىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ باشقارما دۆلەتنىڭ ھۆججەت، خەت – ئالاقىلىرىنى، ھەتتا باشقا دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىشلىرىنىمۇ باشقۇراتتى.
4. «دىۋان شاھبۇششۇرات» – مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى، دۆلەت ئىشلىرىغا مەسلىھەت بەرگۈچى ئورگان ئىدى.

5. «دىۋان ساھىبەلبەرد» – پوچتا باشقارمىسى. ئۇ دۆلەتنىڭ پوچتا خىزمىتىگە مەسئۇل ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا يەرلىك پوچتا بۆلۈملىرى بار ئىدى. بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر – پارمانلىرىنى

تۆۋەنگە تېز يەتكۈزۈشتى تاشقىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈستىدە يوشۇرۇن مەلۇمات يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

6. «دىۋان مۇختەسىپ» - بازارغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان باشقارما بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىغا، قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن باھا بويىچە سېتىلىشىغا ۋە بازار باشقۇرۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى. بۇ ئورگان كېيىنكى چاغلاردا ئاھالىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، مەسچىتلەرگە بېرىش - بارماسلىقى، ئىچىملىكلەرنى ئىچىش - ئىچمەسلىكى ئۈستىدىنمۇ نازارەت قىلىدىغان بولدى.

7. «دىۋان مۇشرىبان» - غەزىنىدىكى پۇلنىڭ چىقىم قىلىنىشىغا ۋە سارايغا كەتكەن خىراجەتلەرگە نازارەت قىلىدىغان باشقارما ئىدى.

8. «دىۋان مۇھتەسىپ - ئىلىم - پەنگە مەسئۇل باشقارما بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

9. «دىۋان مۇشرىپ» - مەمۇرى خادىملارغا نازارەت قىلغۇچى باشقارما بولۇپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدىغان ئورگان ئىدى.

10. «دىۋان ئاۋقاب» - ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرىدىغان باشقارما ئىدى.

قازى، شەيخۇل ئىسلام، رەئىس، خاتىپ قاتارلىق ئەمەلدارلار دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.

سامانىلار دەۋرىدىكى مەھكىمە ۋە دىۋاندا ئەمەلدارلىق قىلغۇچىلار مۇسۇلمان روھانىلىرىدىن بولۇشى شەرت ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي كىشىلەردىن بولۇشى، مەلۇم دەرىجىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ۋە قۇرئاندىكى ئەر - پەرمانلارنى پىششىق بىلىشى، ھەر خىل پەنلەردىن خەۋەردار بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ھۆكۈمەت مۇشۇنداق كىشىلەرنى تاللاپ، مەھكىمە، دىۋان ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەيتتى.

سامانىلار دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەردىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ياللانغان ئەسكەرلەر ئىدى. نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ئۆزىنىڭ «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» ۋە «سىياسەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە سامانىلارنىڭ ئاساسىي قوغدىغۇچى قوشۇنى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سامانىلارنىڭ باش مەھكىمىسىنى قوغدىغۇچى مۇھاپىزەتچى قوشۇن ۋە ياللانما قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى ياش ئوغۇزلار، تۈركلەر ۋە تۈركمەن يىگىتلىرىدىن ئىدى. ئۇلار پىيادە ئەسكەرلەر بولۇپ، 1 - يىلىدا ئاتقا مىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىناتتى. كىيىم - كېچەكگە زىندان ماتا دىن[12] كىيىم بېرىلەتتى؛ 2 - يىلى بۇ ئەسكەرلەرگە ئادەتتىكى ئىگەرلەنگەن ئات بېرىلەتتى؛ 3 - يىلى بۇ ئەسكەرلەرنى باشقا ئەسكەرلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كەمەر، ياخشى كىيىم - كېچەك، كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن قارا موۋۇت قالپاق بېرىلەتتى؛ 4 - يىلى چېدىر باشلىقى دېگەن ئەمەل بېرىلەتتى، ئاندىن ئەمەلدارلىققا كۆتۈرۈلەتتى».

سامانىلار دەۋرىدە مۇئاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەسكەر ۋە خىزمەتچىلەرگە ھەر ئۈچ

ئايدا بىر قېتىم ئومۇمى يۈزلۈك مۇئاش بېرەتتى. ھەر قېتىمدا 5 مىليون دەرھەمدىن كېتەتتى. بىر يىلىغا تەخمىنەن 20 مىليون دەرھەم سەرپ قىلىناتتى.

سامانىلار دۆلىتى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى جايلارنى مەھكىمە ئارقىلىق باشقۇردى. خارەزىم، تاشكەنت، غەزنە ۋە جۇرجان قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىملىرى سامانىلارغا خىراجەت تۆلەيتتى، ئۇلار مۇستەقىللىق خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا كېيىنكى دەۋرلەردە، ئۇلار سامانىلارغا بوي سۇنماستىن، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان بولدى، بۇنى كۆرگەن باشقا جايلارمۇ مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئەينى دەۋردىكى سامانىلار ھاكىمىيتىدە بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 4ـ بۆلۈم سامانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

سامانىلار دەۋرىدە، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئاساسىي ۋىلايەتلىرىدە، بولۇپمۇ زەرەپشان ۋادىسىدا دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىشلاقلار مەيدانغا كېلىپ، دىخانچىلىق تەرەققى قىلدى. قىشلاقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن سودا تەرەققى قىلدى. سودىنىڭ تەرەققى قىلىشى ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس ياراتتى. زەرەپشان، قەشقەر ۋادىلىرىدا، پەرغانە، تاشكەنت ۋە خارەزمدە دىخانچىلىق ئىشلىرى سۇغىرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇغداي، ئارپا، شال، نوقۇت، كېۋەز، مايلىق دان قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا زەرەپشان ۋادىسى ئەڭ مۇھىم كېۋەزچىلىك رايونى ئىدى. دىخانچىلىقنىڭ تەرەققى قىلىشى باغۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس ياراتتى. بۇ جايلاردا شاپتۇل، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت، ئانار، بېھى قاتارلىق مېۋىلەر كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلەتتى.

ماۋرا ئۇننەھر ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادىدا دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكتىن تاشقىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شەھەر ۋە يېزا – قىشلاق ئاھالىسى ئىچىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ ئىدى. زىندان قىشلاقتا ماتا، گەزلىمە ۋە يۇڭ رەختلەر توقۇلاتتى. بۇخارا ۋە باشقا جايلاردا گىلەمچىلىك سانائىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيتتى. نەرشەخى ئۆزىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دىگەن ئەسىرىدە: «بۇ جايلاردا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئىران، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا چىقىرىلاتتى» دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەنت سودا مەركىزى ئىدى. سەمەرقەنتنىڭ لاتا قەغىزى مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ دەۋرلەردە ماۋرا ئۇننەھردە كارۋان سودىسى تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەنۇبىي ۋە شەرقىي رايونلارغا قاتنايتتى. جۇڭگو، ئەرەبىستان، مىسىر، ئىراننىڭ

مەدەنيتى قەدىمقى يىپەك يولى ئارقىلى بۇ رايونغا تەسىر قىلغان ئىدى. نەتىجىدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنيەتمۇ راۋاجلاندى.

11- ئەسىرنىڭ بېشىدا خارەزىم مەمۇننىڭ پايتەختى ھەم مەدەنيەت مەركىزى بولغان ئىدى. بۇ جايغا نۇرغۇن ئالىملار توپلاندى. شۇ دەۋردە ئەبۇ ئېلى ئىبنى سىنا (980—1037 - يىللار) ۋە ئەبۇ رەيھان مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت ئەل بىرونى (973—1048 - يىللار) غا ئوخشاش ئۇلۇغ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كەلدى.

تارىختا خارەزىمنىڭ مەدەنيىتى بىرونىنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغاندۇر. ئەبۇ رەيھان بىرونى قەيات شەھەر ئەتراپىدىكى «بۇرۇن» دەپ ئاتىلىدىغان قىشلاقتا 973 - يىلى دۇنياغا كەلدى. بىرونى ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ئاشۇ «بۇرۇن» دىگەن قىشلاقنىڭ نامىدىن ئېلىنغان. بىرونى ياش ۋاقتىدا خارەزىم شاھىنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ «ئەل ئەسەر ئەل باقىيە ئانەل قورونال خالىيە» («ئەجدادلاردىن قالغان يادىكارلىق») ناملىق مەشھۇر كىتابىنى، ئاسترونومىيە ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە 150 تىن ئارتۇق ئىلمي ئەسەر يازغان. ئۇ يەنە «ھىندىستان» ناملىق داڭلىق ئەسىر بىلەن دۇنياغا تونۇلدى.

شۇ دەۋرلەردە يەنە تارىخشۇناس ئابۇناسىر ئاررات، مۇھەممەت خارەزمى، ئەلغەدغانى، ئەبۇ ناسىر فارابى، ئاركىندى، ئەررازى، ئەل مائارى، پەيلاسوپ ئابدۇساخىل، تىببى ئالىم خۇمەر قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار ئۆتتى. ئاتاقلىق تارىخشۇناس گەردىزىنىڭ «زەينولئاخبار» («گۈزەل خەۋەرلەر»)، بەيھەقى (966—1077 - يىللار)نىڭ 30 توملۇق چوڭ كىتاۋى، مەجىددىن (ۋاپاتى 1068 - يىلى)نىڭ «تارىخي مۆلكى تۈركستان» («تۈركىستان تارىخى»)، نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» ۋە «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» قاتارلىق كۆپلىگەن مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

مەدەنيەت تارىخىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان نەققاشچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، بىناكارلىق سەنئىتىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلدى.

ئىزاھاتلار:

① ماۋرا ئۇننەھر - ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا بىلەن ئامۇ دەريا ئارىلىغىدىكى جايلارنىڭ نامى. سىر دەريانىڭ شىمالىدىكى جايلارمۇ ماۋرا ئۇننەھرگە قارايتتى.

② سۇياپ - چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان قەدىمي شەھەر ئىدى. ھازىر توقماق شەھرىگە توغرا كېلىدۇ.

③ دارا I - ئىسكەندەر دارا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 - يىلدىن 486 - يىل ئارىلىغىدا ئۆتكەن ئىران پادىشاھسى.

④ كاسان - تاشكەنت شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە پەرغانە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پايتەختى بولغان.

⑤ ⑥ بارتولد: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى تۈركىستان».

⑦ بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەنسەپدارى بەلخلىق بارماقلاردىن بولغاچقا، بۇ ھاكىمىيەت بارماقلار نامى بىلەن ئاتالغان.

⑧ نەرشەخى – ئابابەكرى مۇھەممەت ئىبنى قەئىبەر نەرخەشى (؟–959) – ت.

⑨ فاتىمە خەلىپىلىكىدىن ئىلگىرى سۈرىيە ۋە ئىراقتا «قارامىتە» دېگەن نام بىلەن ئەركىن پىكىرلىك ئىسمايىل مەزھىبى مەيدانغا كەلدى. بۇ مەزھەبنىڭ ئاساسچىسى بولغان ھەمدانى تەخەللۇسلۇق بىر كىشىگە قارامىت دەپ نام بېرىلگەن ئىدى.

⑩ باش ھاجىپ – ئەرەپ تىلىدا ئەل ھاجىپ (ھاجىپلار ھاجىپى) دەپ ئاتىلىدۇ، ھاجىپ سامانىلار دۆلىتى ۋاقتىدا ساراي ئۇنۋانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ھېساپلىناتتى. بۇ ئۇنۋانىنى غەزنەۋىلەر، كېيىنكى دەۋرلەردە قاراخانىلارمۇ قوللانغان.

⑪ نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇ ئېلى ھەسەن ئىبنى قۇس بولۇپ، 1092 – يىلى سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

⑫ زىندان ماتا – بۇخارادىكى زىندان قىشلاقتا ئىشلەنگەن ماتا زىندان ماتا دەپ ئاتالغان.

## ئۈچىنچى باب قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1– بۆلۈم قاراخانىلار خانلىقى مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى دەۋر

9 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ 13 – ئەسىرگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ماكانى بولغان شىنجاڭدا قاراخانىلار خانلىقى ۋە خوتەن خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ فېئودال‌لىق خاندانلىق مەۋجۇت ئىدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبى كۆچادىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىغىچە بولغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان قاراخانىلار يەنى تۈرك ۋە ئىسلام خانلىقى ياشىغان ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى دۆلىتىمىز تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى، مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلىشى ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى بىر مۇنچە قەدىمقى تۈركى قەۋملەرنىڭ قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلىشىشى ئۈچۈن تارىختا چوڭ تۆھپە قوشتى ۋە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

«قارا» دېگەن ئىسىم قاراخانىلار خانلىقىنىڭ خانلىق ئۇنۋانلىرىدا قوللىنىلغان. جامال قارشى ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۇسەيىن قەشقەرى (ۋاپاتى مىلادىنىڭ 1082 – يىلى) يازغان

«قەشقەر تارىخى» ناملىق چوڭ ئەسەر (ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن) دىن پايدىلىنىپ تۈزگەن «سۇراھ» (مىلادىنىڭ 1282 - يىلى تۈزۈلگەن) ناملىق لوغەتنىڭ ئەرەپچە «مولھىقاتۇس سۇراھ» دېگەن ئىلاۋىسىدە: «قاراخانىلارنىڭ ئىسمى قارا نامى بىلەن ئاتىلىشتىن باشقا، خانلارمۇ ئۆزىگە ياغما ۋە قارلۇقلارنىڭ سىمۋول ئادىتى بويىچە دەسلەپتە <بۇقا> كېيىن <بۇغرا> دەپ لەقەم قويغان» دەپ كۆرسىتىلگەن.

قەشقەر خانلىقىنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنى قەدىمقى قاراخانىلاردىن بولغان مەشھۇر «قاراخان» (ئافراسىياپ)نىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغانلىقى قەدىمقى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن. ئىرانلىقلار بۇ خاقان ياكى «قاراخان» نى پارس تىلىدا ئافراسىياپ دەپ ئاتىغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ خاقانىنى «ئالىپ ئەرتۇڭا» دېگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «شاھنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە بۇ قەھرىمان خاقان ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن.

تارىخي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىراننىڭ سامانىلار دەۋرىدە ئىران بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان. ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) تۇران مەملىكىتىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە ئىران شاھلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلىپ، شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە ھالاك بولغان. شۇ زامانىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ۋە ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەدھىيە ۋە مەرسىيەلەر پۈتۈن بىر داستان بولۇپ پۈتۈلگەن ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ داستاندىن پارچىلار بېرىلگەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئېسىز ئاژۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئوچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە - پارە بولماقتا.)①

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئافراسىياپنى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ بوۋىسى دەپ رىۋايەت قىلغانلىقى ئۆز ئەۋلادىنى قەدىمقى بۈيۈك تۈرك خاقانىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام تارىخچىلىرىدىن ئىبنۇلئەسىر (ۋاپاتى 1232 - يىلى) «تارىخى كامىل» ۋە «مۇجمىئۇتتاۋارىخ» (1126 - يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرىدە، بەيھەقى (ۋاپاتى 1077 - يىلى) نىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە گەردىزىنىڭ «زەينۇلئاخبار» (1055 - يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، شۇنىڭدەك نېمىس تارىخچىسى پىرتساكنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان ئەسەرلىرىدە «قاراخان»لار توغرىسىدىكى مەنبەلەر بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇنىڭ يېقىنقى ئىسىم بولماستىن، ئەڭ قەدىمقى ئىسىم ئىكەنلىكى ئېنىق.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئەۋلادى قايسى نەسەبكە مەنسۇپلىقى توغرىسىدا تارىخي مەنبەلەردە قارىمۇ - قارشى سۆزلەر بار. بەزى تارىخلاردا قاراخانىلار خانلىقى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان دېسە، بەزىلىرى

ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر چىگىللەردىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللار ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان پاكىتلاردىن قارىغاندا، «ياغما» (تارىختا ئۇلار قارا ياغما دەپمۇ ئاتالغان)لار قاراخانىلار خانلىقىنى تەشكىل قىلىشتا يېتەكچى رول ئوينىغان. خانلارنىڭ چاپاۋۇل قىسمى، كۆپىنچە، ياغمىلاردىن بولغان.

ياغمىلار تۈركى قەۋملەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەخمىنەن 742 - يىلى تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى دەسلەپ ئۇيغۇر قارلۇق ئىتتىپاقىدىكى باسمىللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بىراق، باسمىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن قىسقا بولدى، كېيىن ئۇيغۇرلار قولىغا ئۆتتى. ياغمىلار مۇشۇ توققۇز ئۇيغۇر (ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىچىدىكى بىر قەۋم بولۇپ، 766 - يىللىرى سۇياپ شەھرىنى ئىگەللەپ، بۇ شەھەرنى ئۆزلىرىگە پايتەخت قىلغان ئىدى. قارلۇقلار باشلىقىنى «يابغۇ»، «ئوڭ يابغۇ»، «سول يابغۇ» دەپ ئاتايتتى. ياغمىلار باشلىقىنى «بۇغرا»، «قاراخان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتايتتى.

قاراخانىلار خانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ خانلىق نەسەبىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نۇرغۇن مۈلكى، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي قوشۇنلار مۇھىم رول ئوينىغان. ئەمما خان جەمەتى قارلۇقلار بىلەن چىگىللەر ئارىسىدىن چىقمىدى. قاراخانىلار خانى تۈركى قەۋملىرى ئىچىدە جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ياغمىلاردىن چىقتى.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ياغمىلار ئوردا، شەھەرلەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادى تۈزۈمى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ئىدى. 9 - ئەسىردە، توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ جەڭگىۋار ئالدىنقى قىسمى بولغان ياغمىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلدى.

قاراخانىلار خانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان فېئودال خانلىق ئىدى. بۇ خانلىق ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 399 يىل ھۆكۈم سۈردى. قاراخانىلار مۇشۇ ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە يۇقىرى گۈللىنىش، تەدرىجى زەئىپلىشىشتەك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پارلاق يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. قاراخانىلارنىڭ يۇكسەك تەرەققى قىلغان دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائىتى ئاساسىدا نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلەر، كەشپىياتچىلار، سىياسىيونلار، ھەربىي مۇتەخەسسىلەر، ئەدىپلەر، سەنئەتكارلار، تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار، تىببىي ئالىملار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارغا مول، قىممەتلىك جاھانشۇمۇل ئەسەرلەرنى قالدۇردى.

قاراخانىلارنىڭ كېڭەيگەندىن كېيىنكى تېررىتورىيىسى مەمۇرى جەھەتتىن 3 چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، مەركىزىي قىسمى «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى، خاقانىيە ئۆلكىسى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا كۇچا ۋە قوچۇ شەھىرىدىن تارتىپ ئىسسىق كۆل بويىدىكى بالاساغۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، مىڭلاق، ئىلى ۋادىسىغا قەدەر بولغان شەرقىي رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ يەنە بىر قىسمى غەربىي قىسىم بولۇپ، ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ

قسمى تالاس بىلەن سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ئىدى؛ ئىچكىچى قسمى شەرقىي جەنۇبىي قسىم بولۇپ، يەركەندىن تارتىپ چەرچەنگىچە بولغان خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئۈچ چوڭ قسىمدىن باشقا يەنە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا قۇياس ۋىلايىتى، تاشكەنت بىلەن مەرغىلان ئارىلىقىدىكى ئىغراق ۋىلايىتى، ئامۇ دەريانىڭ شىمالىدا قوتال - سومان ۋىلايىتى بار ئىدى.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىدە شەكىللەنگەن بۇ مەمۇرى بىرلىكلەر ئىچىدە غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قسىم «ئېلىك خانلىق» دەپ ئاتالغان ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەربىي فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدىكى يەرلەر ئىدى.

قاراخانىلارنىڭ پايتەختى ئىككى بولۇپ، بالاساغۇن يازلىق پايتەخت ئىدى. قاراخانىلارنىڭ چوڭ خانى قەشقەردە تۇرغاچقان، قەشقەر «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دىگەنلىك بولاتتى.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى كۆل بىلگە قادىرخان مىلادىنىڭ 819 - يىلى خانلىق تەختىگە چىقتى. ئۇ ئۆز تېررىتورىيىسىنى قەشقەردىن تاكى ماۋرا ئۇننەھرنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا قەدەر كېڭەيتتى. كۆل بىلگە قادىرخان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى بازىر خانلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، بالاساغۇندا ئارىسلانخان ئۇنۋانى بىلەن خانلىق تەختىدە ئولتۇردى.

سامانىلار خانى ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش مەقسىدىدە، تىنىغ ئۇچىنى قاراخانىلارغا قارىتىپ، ئۇلارنى ئۆز بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قورال كۈچىنى ئىشقا سالدى.

بازىرخان (بەزى مەنبەلەردە بارلىقخان) ھىجرىيىنىڭ 302 - يىلى، مىلادىنىڭ 914—915 - يىللىرى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ساتۇق تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، تاغىسى قادىرخان ئوغۇلچاق نايىپ خان بولدى. قادىرخان ئوغۇلچاق سامانىلار خانى ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت بىلەن زاماندash بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەشلەر داۋام قىلغان ئىدى. ئىسمايىل ئىبنى ئەخمەت 893 - يىلى تالاسنى قادىرخان ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن تارتىۋالغاندا، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن 15 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنىمۇ ئەسىرگە ئالدى. شۇ يىلى كۈزدە قادىرخان ئوغۇلچاق خانلىق پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈردى ۋە سامانىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق كۆردى. 904 - يىلى سامانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىزا يۈز بەرگەندە، ئوغۇلچاق دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئۆز زىمىنىنى كېڭەيتىۋالدى ھەمدە سامانىلاردىن نارازى بولۇپ، باشپانا ئىزلەپ كەلگەن ئەبۇ ناسىر سامانىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئاتۇشتا تۇرغۇزدى.

## 2— بۆلۈم قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى

بەزى تارىخىي كىتاپلاردا دېيىلىشىچە، ئەبۇ ناسىر سامانى ئاتۇشتا پانالىنىپ تۇرغان چاغلاردا، ساتۇق تېگىن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرغان يېرىگە كېلىپ قالىدۇ. ئەبۇ ناسىر سامانى ئۆزىنى ساتۇق تېگىنگە مۇسۇلمان دەپ تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ

بېرىدۇ. بۇ ساتۇق تېگىنگە قاتتىق تەسىرقىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. تارىخي مەنبەلەردە «ساتۇق تېگىن مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىدا 20 ياشلاردا ئىدى» دېيىلسە، بەزى ماترىياللاردا «12 ياشتا مەخپىي مۇسۇلمان بولغان» دېيىلىدۇ. ھەر ھالدا، قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمىنىڭ 10 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىق.

ئىبنۇلئەسىر(ئەسلى ئىسمى ئەزىزىددىن ئوبۇل ھۇسەيىن ئېلى ئىبنى مۇھەممەت بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 630 – يىلى مىلادىنىڭ 1232 – يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «تارىخي كامىل» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئىسلام دىنىنى 1 – قېتىم ساتۇق تېگىن قوبۇل قىلدى. ئەبۇ ناسىر سامانى ساتۇق تېگىن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىنىڭ تائەت – ئىبادەتلىرىنى ئۆزى ئىشلەپ ياخشى تەسىر بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا «لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدەن رەسۇلىللا» (بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ

يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەننى ئۆگىتىپ ۋە ئۇنى ئىمان ئېيتقۇزۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرغان. «ھەزرىتى سولتان ساتۇق تەزكىرىسى» (ئاپتۇرى موللا ھاجى) ۋە «خوجا ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق ئۇيغۇرچە قوليازما مەنبەلەردىكى رىۋايەتلەر بىلەن يۇقىرقى كىتاپتىكى بايانلار ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قاراخانىلاردىن ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان ساتۇق (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇكېرىم) بۇغراخانىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش تارىخى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيمىز. بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى جامال قارشى «مولھقاتۇس سۇراھ» دېگەن ئەسىرىدە ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇغاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ساتۇق بۇغراخان ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ تەسىرى ئاستىدا 12 يېشىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، 25 يېشىدا قاراخانىلار تەختىگە ئولتۇرغان. ساتۇق بۇغراخان ھىجرىيىنىڭ 344 – يىلى، مىلادىنىڭ 955 – يىلى ۋاپات بولۇپ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا (مەشھەتكە) دەپنە قىلىنغان» دېگەن.

ساتۇق تېگىنىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخي مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇپ، «سۇراھ» تا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جامال قارشىنىڭ سۆزىنى توغرا دەپ قارىدىم.

ساتۇق تېگىن ئۆزى مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ يوليۇرۇغى بويىچە، ئەتراپتىكى خەلقلەرنى مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالدا يېنىغا تارتىپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە مىڭلىغان كىشلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى ۋە ئۇلارنى ئاساسىي كۈچ قىلىپ، ساتۇق تېگىن باشچىلىقىدا ئىسلامنى تارقىتىدىغان مەخپىي تەشكىلات قۇردى. 920 – يىللىرى، ساتۇق تېگىن ۋە ئەبۇ ناسىر سامانى ئۆز مۇخلىسلىرىنى باشلاپ قادىرخان ئوغۇلچاق بۇغراخانىنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئوغۇلچاقنى ۋە ئۇنىڭ شاھزادە (تېگىن)لىرىنى، مەنسەپدارلىرىنى قولغا ئېلىپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنى ئىمان ئېيتقۇزۇپ ئىسلامغا بەيئەت قىلغۇزدى. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قەشقەر (ئوردۇكەنت)نى پۈتۈنلەي ئىگەللىدى. ساتۇق تېگىنىنىڭ بېسىمى ۋە ئىسلامغا دالالەت قىلىشى بىلەن نۇرغۇن كىشلەر مۇسۇلمان بولدى.

ساتۇق تېگىن كېيىن قەدىمقى ئەجدادلىرىغا ئوخشاش «ئارسلان بۇغرا قاراخان» ئۇنۋانىنى قوللىنىپ، ئۆزىنى «ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان» دەپ رەسمى ئېلان قىلدى ۋە قەشقەرنى رەسمى تۈردە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. غەيرى دىندىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا پائال كۈرەش قىلىپ، ئىلگىر – كېيىن بولۇپ يەركەنت (يەكەن)، ئاقسۇنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. 942—943 – يىللاردىكى غازاتتا بالاساغۇن، سۈياپ ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قارلۇقلار ۋە ياغما، ئوغۇز قەۋملىرىنىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى.

مىلادىنىڭ 940 – يىللىرى ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 200 مىڭغا يېقىن تۈرك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ۋاقىتتا شىمالدىكى ئوغراق، توخسى قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتىرىپ، قاراخانىلارغا قارشى چىقتى. ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان، بىر تەرەپتىن، مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ شىمالدىكى تۈركى قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن خوتەن خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى خوتەن خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، خوتەن شەھرىنى ئىگەللىدى ۋە خوتەنلىكلەر بۇددىستلارنىڭ بىر قىسمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. قاراخانىلار خوتەننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، كۇچانى ئىسلامىيەتكە كىرگۈزۈشنىمۇ چىڭ تۇتتى. قاراخانىلار قوشۇنى كۇچانى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۇچا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولمىدى. بۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا بۇددا دىنىدا قالدى.

ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان مىلادىنىڭ 955 – يىلى سۇغۇندا ۋاپات بولدى②. «ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن 37 مىڭ مۇسۇلمان يىغىلىپ كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخاننى ئاتۇشتىكى مەشھەتتە دەپنە قىلدى. ساتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخانىنىڭ ئورنىغا ئوغلى بايتاش تېگىن (تۈركچە ئىسمى) يەنى مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم (مۇسۇلمانچە ئىسمى) قاراخان بولدى.

مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخان تېگىنلەر ئېچىدىكى سىياسەتچىلەردىن ئىدى. ئۇ قاراخانىلار تەختىگە چىققاندىن كېيىن، قاراخانىلارنىڭ مەركىزى بالاساغۇندا ۋە قەشقەردە ھاكىمىيەتنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، بەلكى قاراخانىلارنىڭ يېڭى چېگرا رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. قاراخانىلار ئىچكى بىرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى.

971 – يىلى مۇسا (بايتاش) ئارسلان بۇغرا قاراخان خوتەنلىكلەر بىلەن غازات قىلدى. ئۇ خوتەندىكى ئىسيانىنى باستۇرۇپ، خوتەننىڭ ئاھالىسىدىن يەنە بىر قىسمىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. شۇندىن كېيىن، مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخان ئالىپ تېگىن باشچىلىقىدا مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن كىنگىت (قارا شەھەر)نى ئىشغال قىلدى. ئاندىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى «مىڭلاق – ئىلى (ھازىرقى غۇلجا)»غا يۈرۈش قىلدى. قاراخانىلارنىڭ قوشۇنى ئىلىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مىڭلاقتىن سۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇ يەرلەرگە مۇسۇلمان تۈركلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىلىغا ھۇجۇم

قىلدى.

قاراخانىلارنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولغان. بۇنى مۇنۇ شېئىرلاردىن بىلىش مۇمكىن:

كەلدى ماڭا تات،

ئېيتتىم ئەمدى يات.

قۇشقا بولۇپ ئەت،

سىنى تىلەر ئۇس، بورى.

(ماڭا بىر كاپىر ئۇيغۇر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛ قۇش، بۆرىلەرگە يەم بولسۇن دەپ، ئۇنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتىم.)③

تۈنە بىلەن باستىمىز،

تەگمە ياڭاق پۈستىمىز؛

كەسمەلەرىن كەستىمىز

مىڭلاق ئەرىنىن پىچتىمىز.

(بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېچىسى باستۇرۇپ باردۇق، تەرەپتىن مۆكۈپ كىرىپ، ھەتتا ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق، مىڭلاق ئادەملىرىنى ئۆلتۈردۇق.)④

ئالىپ تېگىن قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ قوچۇنى ئىشغال قىلدى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنىدا قېلىپ، مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىلارغا تەۋە بولدى.

ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرىدە: قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىشبالىقتا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلفەتتاھ باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ قازا قىلدى، دېيىلىدۇ. مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئالىپ تېگىن (قەھرىمان شاھزادە) ئۇنۋانىنى بەردى. ئالىپ تېگىن ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا دەپنە قىلىندى. ھازىرمۇ خەلقلەر بۇ مازارنى «ئەلپەتتا خوجام مازىرى» دەپ ئاتايدۇ.

### 3— بۆلۈم قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۆرەشلىرى

قاراخانىلار 10 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆز زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. مۇشۇ دەۋردە قاراخانىلارنىڭ زېمىنى شەرقتە گەنسۇدىن تارتىپ، غەرپتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇپتا قارا قۇرۇم، كوئىنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ تېرىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قاراخانىلار بۇ كەڭ زېمىننى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزى ئۆلكە بولغان خاقانىيەدىن باشقا شىمالىي ۋە غەربىي ئۆلكىلەرگە «ئېلىك خان» بەلگىلەپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللاندى. سەمەرقەنت غەربىي ئېلىك خانلىقىنىڭ مەركىزى ئىدى. قاراخانىلارنىڭ تېگىنلىرى ئېلىك خان بولاتتى. غەربىي ۋە شىمالىي ئېلىك خانلىقىنىڭ خانلىرى مەركىزى ھاكىمىيەتكە بويى سۇناتتى.

ھارۇن بۇغرا قاراخان 990 – يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئىسپىجاپ شەھرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ماۋرائۇننەھردىكى سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. ھارۇن بۇغرا قاراخان سەمەرقەنتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇردى. قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە كېسەل بولۇپ يول ئۈستىدە يەنى قوچقار بېشى دېگەن جايدا ھىجرىيىنىڭ 375 – يىلى، مىلادىنىڭ 997 – يىلى ۋاپات بولدى.[5] بۇ چاغدا ئامۇلغا قېچىپ بېرىۋالغان ئەمىر نۇھ غەزنە ھۆكۈمدارى سوبۇك تېگىن قاتارلىق يەرلىك ھۆكۈمدارلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى، بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلارنىڭ كۈچىدىن ئېھتىيات قىلغاچقا، بۇ ئۇرۇش سېپىگە كىرىپ قېلىشتىن باش تارتىپ، ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى. ئەمىر نۇھ سىر دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان سالچۇقلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، سالچۇقلار ياردەمگە ئارسلان بەگ باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەمىر نۇھ ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا بۇخارادا ئۇنىڭغا بىر قىسىم كۈچ ياردەم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئەمىر نۇھ ئېلىك خان ئېلى تېگىننى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخارانى يېڭىۋاشتىن ئىگەللىۋالدى. ئېلىك خان ئېلى تېگىن بۇخارانى تارتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بۇخاراغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ئەمىر نۇھ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەمىر سوبۇك تېگىندىن ياردەم سورىدى. سوبۇك تېگىن نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بۇخاراغا يېقىنلاشقاندا، ئەمىر نۇھ سوبۇك تېگىندىن گۇمانلىنىپ، ئېلىك خان ئېلى تېگىن بىلەن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋەزىر ئابدۇللا مۇھەممەت ئىبنى ئەزىزنى ئەۋەتتى. سامانىلار بىلەن قاراخانىلار سۈلھى قىلىپ، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئارىسىدىكى «كاتۋان چۆلى» نى چېگرا سىزىقى قىلىپ بەلگىلىدى، «كاتۋان چۆلى» نىڭ غەربىي قىسمى سامانىلارغا، شەرقىي قىسمى قاراخانىلارغا قارايدىغان بولدى. ھارۇن بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ تېگىن يەنى يۈسۈپ قادىرخان قاراخان ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى.

مىلادىنىڭ 998 – يىلى، سامانىلار ئەمىرى نۇھ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەنسۇر ئەمىر بولدى. شۇ يىلى غەزنە ھۆكۈمدارى سوبۇك تېگىن بەلختە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسمايىل بىلەن مەھمۇت خانلىق تالىشىپ ئۆز ئارا جەڭگى – جىدەل قىلىشتى. ئېلىك خان ئېلى تېگىن نۇھ بىلەن تۈزگەن كېلىشىم بويىچە، مەنسۇر بىلەن داۋاملىق دوستانە ئۆتتى. كېيىن ئەمىر مەنسۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان ۋەزىر ئابدۇللا مۇھەممەت، ھەربىي قوماندان فايىق باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلار يۈسۈپ قادىرخان

قاراخانغا ئەبۇ مەنسۇر ئىسپىجاپىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قاراخانىلارغا بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يۈسۈپ قادىرخان قاراخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، سەمەرقەنتتىكى ئىلىك خان ئىلى تېگىنگە بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇغىنى چۈشۈردى. ئىلى تېگىن بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ۋەزىر ئابدۇللا مۇھەممەت، ئەلچى ئەبۇ مەنسۇر ئىسپىجاپى ۋە قوماندان فايىق بۇخارادىن سەمەرقەنتكە قېچىپ كەلدى. ئىلىك خان ئىلى تېگىن بۇخاراغا كېتىۋېتىپ، ۋەزىر ئابدۇللا مۇھەممەت ۋە ئەبۇ مەنسۇر ئىسپىجاپى قاتارلىقلارنى ئۆلارنىڭ ئاسىلىغى ئۈچۈن قولغا ئالدى، فايىقنى تۇرشاۋۇل قىلىپ 300 ئەسكەر بىلەن بۇخاراغا ئەۋەتتى. ئەمىر مەنسۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇخارادىن قېچىپ كەتتى. فايىق بۇخاراغا كىرىۋېلىپلا ئىلىك خاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئەمىر مەنسۇرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھلىق نامى ئەمىر مەنسۇردە بولۇش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۆزىدە بولۇش شەرتىنى قويدى. ئەمىر مەنسۇر ماقۇل بولۇپ، بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. ئىلىك خان ئىلى تېگىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتتى.

ئەمىر مەنسۇر ۋە فايىقلار سوبۇك تېگىننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدىكى ماجرادىن پايدىلىنىپ، خۇراساننى تارتىۋالدى ۋە بەك تۇزۇن ئىسىملىك بىر قوماندانىنى خۇراسانغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى.

مەھمۇت (سوبۇك تېگىننىڭ چوڭ ئوغلى) دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى سولتان دەپ ئېلان قىلدى ۋە بەك تۇزۇن بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. ئەمىر مەنسۇر ۋە فايىقلار نۇرغۇن قوشۇن بىلەن بەك تۇزۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خۇراسانغا يېتىپ كەلدى. فايىق ۋە بەك تۇزۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەمىر مەنسۇرنى قاماققا ئالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئابدۇلمۇلۇك نوھنى تەختكە چىقاردى. ئەمىر ئابدۇلمۇلۇك سولتان مەھمۇت بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، فايىق، بەك تۇزۇنلار بىلەن بىللە بۇخاراغا قاچتى. سولتان مەھمۇت خۇراساننى ئىشغال قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فايىق ئۆلدى. مىلادىنىڭ 999 - يىلى ئىلىك خان ناسىر ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىلار پەيتەختى بۇخارانى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 125 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سامانىلار خانلىقى ئاخىر قاراخانىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

غەزنە ھۆكۈمدارى سولتان مەھمۇت قاراخانىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن، دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھىجرىيىنىڭ 380 - يىلى، مىلادىنىڭ 1001—1002 - يىللىرى، يۈسۈپ قادىرخان قاراخان سولتان مەھمۇتنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، غەزنەۋىلەرگە مەخسۇس ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سولتان مەھمۇت ئاتاقلىق ئالىم ئەبۇتېپ بىلەن ۋالى دەرىجىلىك يەنە بىر ئەمەلدارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر ۋەكىللەر ئۆمىكنى يۈسۈپ قادىر قاراخان ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. سولتان مەھمۇتنىڭ ئەلچىلىرى يۈسۈپ قادىر قاراخانغا قاراخانىلار بىلەن قودا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش تەكلىۋىنى بەردى. يۈسۈپ قادىر قاراخان تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ماۋرا ئۇننەھر ئىلىك خانى ناسىرغا قىزى چىگىلنى سولتان مەھمۇتقا خوتۇنلۇققا بېرىشنى بۇيرۇدى. ناسىر ئىلىك خان يۈسۈپ قادىر قاراخاننىڭ يارلىقىنى دەرھال ئورۇنداپ، سولتان مەھمۇتقا ئۆز قىزىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئوتتۇرىسىدا توققانلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

1005 – يىلى ناسىر ئېلىك خاننىڭ ئامۇ دەريا بويىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇتنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئارىسىدا چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ ئادەتتىكى توقۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتى ھەر ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇت ھىندىستاندا ئۇرۇشتا ئىدى. ناسىر ئېلىك خان غەزنەۋىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم ئەسكەرنى ئىنىسى چاغرى تېگىننىڭ قوماندانلىقىدا بەلخقە ئەۋەتتى. يەنە بىر قىسىم ئەسكەرنى سۇ بېشى تېگىننىڭ قوماندانلىقىدا خۇراسانغا ماڭدۇردى. چاغرى تېگىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ئامۇ دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ، بەلخنى ئىشغال قىلدى. سۇ بېشى تېگىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىدى. سۇلتان مەھمۇت بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھىندىستاندىن غەزنەگە يېتىپ كېلىپ، چاغرى تېگىننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، چاغرى تېگىن مەغلۇپ بولۇپ بەلختىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئارقىدىنلا سۇلتان مەھمۇت بارلىق ھەربىي كۈچىنى سۇ بېشى تېگىننىڭ قوشۇنلىرىغا سالدى. بىر مەزگىل قاتتىق جەڭ بولغاندىن كېيىن، سۇ بېشى تېگىن ماۋرا ئۇننەھرگە چېكىندى. ئۇرۇش ھىجرىيىنىڭ 397 – يىلى، مىلادىنىڭ 1009 – يىلىغا قەدەر داۋام قىلدى.

مىلادىنىڭ 1009 – يىلى، يۈسۈپ قادىر قاراخان سۇلتان مەھمۇتقا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەربىي كۈچ بىلەن قەشقەردىن يۈرۈش قىلدى ۋە بالاساغۇندىكى شىمالىي ئېلىك خان توغان خانغا ئەسكەر توپلاپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. يۈسۈپ قادىر قاراخان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ بەلخنى ئىگەللىدى. سۇلتان مەھمۇتمۇ ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن تەييارلاپ بەلخقە يېقىن كەتەر دېگەن سايدا چېدىر تىكتى. يۈسۈپ قادىر قاراخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى كەتەرگە ئېلىپ بېرىپ، سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئۇدۇلىدا چېدىر تىكىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. يۈسۈپ قادىر قاراخان ئوتتۇرىدا سەپ تۈزدى، ناسىر ئېلىك خان ئوڭ قانات، چاغرى تېگىن سول قانات بولۇپ سەپ تۈزۈشتى.

سۇلتان مەھمۇتمۇ ئىنىسى ناسىرنى ۋە جۇرجان ۋالىسى ئەبۇ نەسىر فىرىخۇننى ئوتتۇرىدا، ئالتۇن تاشنى ئوڭ قانات، ئارسلان جازىپنى سول قانات قىلىپ سەپ تۈزدى، سەپ ئالدىغا 500 ئۇرۇش پىلىنى تىزدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇرۇش رەسمىي باشلاندى. دەسلەپكى جەڭدە مەھمۇتنىڭ پىللىرى يۈسۈپ قادىر قاراخاننىڭ قوشۇنلىرىغا خېلى زىيان يەتكۈزەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ناسىر ئېلىك خاننىڭ 500 ئەسكەردىن تەشكىل قىلىنغان پىداكار قىسمى سۇلتان مەھمۇتنىڭ پىللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا قىسمىنى بۆسۈپ ئۆتتى. سۇلتان مەھمۇتنىڭ زاپاس قوشۇنى ناسىر ئېلىك خاننىڭ ئەسكەرلىرىگە قايتارما ھۇجۇم قىلىپ چېكىندۈردى. ئارقىدىنلا سۇلتان مەھمۇت پۈتۈن ئەسكىرىنى ئىشقا سېلىپ، يۈسۈپ قادىر قاراخاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. يۈسۈپ قادىر قاراخان بەلخقە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، يۈسۈپ قادىر قاراخان يەنە ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ چوڭ جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، سۇلتان مەھمۇت يۈسۈپ قادىر قاراخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۈلھى قىلىش تەكلىۋىنى بەردى. يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇتنىڭ

تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى.

قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئوتتۇرىسىدا تېچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا، قاراخانىلارغا قاراشلىق خوتەن خەلقى قاراخانىلارغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئىسيانچىلار قاراخانىلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسلامىيەتتىن يۈز ئۆرىدى. يۈسۈپ قادىرخان سەمەرقەنتتىن نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ئۆلىمالارنى باشلاپ قەشقەرگە قايتتى.

يۈسۈپ قادىر قاراخان 1010 - يىلى قەشقەردىن خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن خوتەندە ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئاھالىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى قوراللاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قورال كۈچى بىلەن دىنىي تەشۋىقاتنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ خوتەننى يەنە بويسۇندۇردى. قاراخانىلارنىڭ خوتەنلىكلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۇرۇشى ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ 24 يىلغا سوزۇلدى. ئاخىر خوتەن شەھىرى بويسۇندۇرۇلدى، خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىغا تولۇق كىرگۈزۈلدى. خوتەن خانى چىگالۇخالخالنىڭ كاللىسى ئېلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى.

قاراخانىلار خوتەن ئىسيانىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، خوتەنگە ۋالىي دەرىجىلىك خان ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلارنى قويدى. خوتەن ۋەزىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، خوتەندىن دۇڭخۇاڭغا بارىدىغان يىپەك يولى يەنە راۋانلاشتى. خوتەننىڭ قاراخانى لاچىن نائىل ساۋۇن سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خوتەندىن دۇڭخۇاڭغا ۋە ئىچكىرىگە توشۇلىدىغان ماللارنىڭ ئىچىدە قاشتاش بويۇملىرى، ھەر خىل دورا - دەرمەك، يىپەك، يىپ توقۇلمىلار بار ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرىدىن خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرى ئىچىدە چاي، ھەر خىل جانان قاچىلار بار ئىدى. بۇ دەۋردە خوتەن زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغان، كۈچلەنگەن ئىدى. بۇنى مۇنداق بىر پاكىتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

مىلادىنىڭ 1068 - يىلى، خوتەن خانى سۇڭ خانلىقىنىڭ شېنزۇڭ خانى جاۋشۇغا يازغان خېتىدە ئۆزىنى «شايى - ئەتلەسلىرى مول، بەختلىك، قۇدرەتلىك، بىلىملىك خوتەن قاراخانى» دەپ ئاتىغان.

غەرب ئېلىك خانى ئېلى تېگىن يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، سالچۇقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تەپرىقچىلىق بىلەن ئاشكارا شۇغۇللاندى. يۈسۈپ قادىرخان ئېلى تېگىننىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، كىچىك ئوغلى مەھمۇت ياغان تېگىن بۇغراخانىنى دەرھال ئاتلاندۇردى ۋە سۇلتان مەھمۇتقا خەت يېزىپ، ئوغلى مەھمۇت ياغان تېگىنگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇت دەرھال مەھمۇت ياغان تېگىنگە ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئېلى تېگىننىڭ تەپرىقچىلىقىنى باستۇرۇشقا ماسلاشتى. ئېلى تېگىن قاتتىق زەربە يېگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەپرىقچىلىقىدىن قەتئىي ۋاز كېچىپ، مەڭگۈ قاراخانىلار خاندانلىقىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇت يۈسۈپ قادىرخانىنى سەمەرقەنتكە تەكلىپ قىلدى. يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇت بىلەن دوستلۇق كېلىشىم ئىمزالاش ئۈچۈن ۋەكىللەر ئۆمگى بىلەن

سەمەرقەنتكە يېتىپ باردى. قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىش ئەھۋالىنى گەردىزى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: سولتان مەھمۇت يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىنى دەرھال ئۆزى تەييارلىغان ئوردا گاھقا تەكلىپ قىلدى. ھەر ئىككى ھۆكۈمدار بىر نەچچە سىۋارلار[6] بىلەن كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ سەممى، قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھەر ئىككى ھۆكۈمدار بىر بىرىگە قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشتى. سولتان مەھمۇت يۈسۈپ قادىرخانغا بىر جەۋھەرنى تەقدىم قىلدى. يۈسۈپ قادىرخانمۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىك بىر جەۋھەرنى سولتان مەھمۇتقا تەقدىم قىلدى. ئۇلار سوۋغا تەقدىم قىلىشقاندىن كېيىن زىياپەت بېرىلدى. ئەتىسى رەسمى سۆھبەت باشلاندى. سۆھبەتتە يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سولتان مەھمۇت ئوتتۇرىسىدا، زۆرۈر تېپىلغاندا، بىر بىرىگە ئەسكەر ياردەم قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر، تۈركىستان ھەم خۇراساننىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، سالچۇقلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق كۆز قاراشقا كەلدى. دوستلۇقنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سولتان مەھمۇتنىڭ قىزى زەينەپنى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مەھمۇت ياغان تېگىنگە ياتلىق قىلىش، يۈسۈپ قادىرخان ئۆزىنىڭ قىزىنى سولتان مەھمۇتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەمىر مۇھەممەتكە ياتلىق قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشتى. يۈسۈپ قادىرخان ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قاراخانىلار ھاكىمىيىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ماۋرا ئۇننەھرنى ئېلىك خان ئېلى تېگىننىڭ قولىدىن ئېلىپ ياغان تېگىنگە تۇتقۇزدى.

1030 - يىلى سولتان مەھمۇت ۋاپات بولدى. 1031 - يىلى سولتان مەھمۇتنىڭ چوڭ ئوغلى مەسئۇت غەزنەۋىلەر تەختىدە ئولتۇردى. سولتان مەسئۇت غەزنەۋىلەر بىلەن قاراخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىگى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزىنى سولتان مەسئۇتقا بېرىش، سۇلايمان بۇغرا تېگىن ئارسلانخاننىڭ قىزىنى مەسئۇتنىڭ ئوغلى مەۋدۇتقا بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋەزىپىسنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئىدى.

1032 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولدى. غەزنەۋىلەر بىلەن قاراخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىر مەزگىل كېچىكتى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلان بۇغرا تېگىن قاراخان ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى. ئۇ 1032 - يىلدىن 1056 - يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

سولتان مەسئۇت يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ھەم قاراخانىلار تەختىدە ئولتۇرغان سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخاننى تەبرىكلەش ئۈچۈن قەشقەرگە مەخسۇس بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنى ئەۋەتتى. ۋەكىللەر ئۆمىگى سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخان بىلەن ئۇچرىشىپ، تەنتەنىلىك مۇراسىم ئىچىدە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، 1034 - يىلى غەزنىگە قايتتى.

## 4- بۆلۈم قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت شەكلى

قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىنى، ئۇلار قوللانغان تۈرلۈك ئەمەل ناملىرىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشىنى، قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئىسىملىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قاراخانىلارنىڭ مۇنتىزىم ھاكىمىيەت شەكلى، سىياسىي تۈزۈمى، قانۇن - ياساقلىرى بولغان ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى قاراخان ۋە ئېلىك خاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېما بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىككى چوڭ سىستېمىنىڭ ئاستىدا يەنە ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەشكىل قىلىنغان ئىدى.

ئا. ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەر

1. قاراخانىلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى «ئارسلان خان» دەپ ئاتىلاتتى. ئارسلان خاننىڭ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمدار «بۇغراخان» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي تۈزۈمىدە، بۇغراخان ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار ئارسلان خانغا ئۆستۈرۈلەتتى. كېيىنچە، قاراخانىلارنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ خان ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، «تاۋغاچ خان» دىگەن نامنىمۇ قوشۇپ ئاتايدىغان بولدى. مەھمۇت قەشقەرى «تاۋغاچ» سۆزىگە بەرگەن تەبىرىدە، بۇ سۆزنىڭ ھەر بىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسىگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغانلىقىنى، خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى، «مەملىكەتتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دىگەن مەنىدە «تاۋغاچ خان» دىيىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.⑦

ئۆز زامانىسىدا پۈتكۈل «مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى» دەپ ئاتالغان ئابباسىلار قاراخانىلارنىڭ خانلىرىنى دىپلوماتىيە جەھەتتە «مەلىكول مەشرىق ۋە سىن» (شەرق ۋە چىن پادىشاھسى) دەپ ئېتىراپ قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 459 - يىلى، مىلادىنىڭ 1066—1067 - يىللىرىدىن باشلاپ، قاراخانىلار «مەلىكول مەشرىق ۋە سىن» دىگەن ئۇنۋان بىلەن تەڭگە پۇل چىقاردى.

2. قاراخانىلارنىڭ 2 - چوڭ سىستېمىسىغا (يەنى يۇقۇرقى ئىككى ئالىي ھۆكۈمداردىن باشقا) ئېلىك خانلار⑧ كىرەتتى. ئۇلار ئارسلان ئېلىك خان، بۇغرا ئېلىك خان ئۇنۋانى بىلەن ھاكىيەت يۈرگۈزەتتى. بۇلارنىڭ دەرىجىسى بۇغراخاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتە ئارسلان ئېلىك خان بۇغراخانغا ئۆستۈرۈلۈپ، خىزمەتكە تەيىنلىنەتتى. قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بۇنداق ھۆكۈمدارلار جەزمەن خان جەمەتىدىن بەلگىلىنەتتى.

قاراخانلار پايتەختىدىن يەنى ئوردۇكەنتتىن يىراق بولغان چوڭ رايونلار ئېلىك خانلىق دىيىلەتتى. ئېلىك خانلىقلار ئەلچى ئەۋەتىش، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەرنىمۇ ئۆزلىرى بىۋاستە باشقۇراتتى. ئېلىك خانلارنىڭ مۇشۇنداق مۇستەقىل هالدا چوڭ مەسىلىلەرنى باشقۇرۇشىنى غەرپ ئالىملىرى، تارىخشۇناسلىرى خاتا هالدا «ئېلىك خاقانىيە» دەپ دۆلەت نامى بىلەن ئىزاهلاشتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىزاهلىشى قاراخانىلارنىڭ هاكىمىيەت تەشكىلىنى ئوبدان تەتقىق قىلمىغانلىقتىن بولغان، ئۇنداق ئاتاش توغرا ئەمەس.
شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ماۋرا ئۇننەهر رايونىدىكى غەربىي ئېلىك خان ۋە شىمالىي ئېلىك خانلارنىڭ چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالدى بىلەن قاراخاننىڭ تەستىقى، يولىيورۇغىنى ئېلىش ۋە ئىشتىن كېيىن قاراخانغا تەپسىلى دوكلات قىلىش، مەركىزىي هۆكۈمەتكە مەلۇم مىقداردا باج - سېلىق تۆلەپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. قاراخانلاردىن بەلگىلەنگەن «ئېلىك خانلار» قاراخانلارغا بىۋاستە قاراشلىق جايلاردىكى يەرلىك خان بولۇپ، خانلىق تامغىسى تۇتاتتى. ئۇلار ئۆز دائىرىسىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل هالدا بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ خانلىق دائىرىسىدە مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇش، مالىيە - ئىقتىساتنى باشقۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس پۇللارنى چىقىرىش، ئۆزىنىڭ قانۇنى، ئىنتىزامىنى بەلگىلەش هوقۇقىغا، جۇڭگو، ئىران، هىندىستان قاتارلىق خوشنا ئەللەر بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى ئورنىتىش، خوشنا ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇرۇشنى قىلىش ياكى سۈلهى قىلىش، ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش هوقۇقىغا ئىگە ئىدى.
قاراخانلار خانلىقىنىڭ سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخان دەۋرىدە تېررىتورىيىسى ئىلگىرىكىدىن كېڭىيىپ، شەرقتە كۇچاغىچە، غەرپتە بۇخارا ۋە خارەزىمغىچە، جەنۇپتا ئامۇ دەريانىڭ قىرغاقلىرىدىن غەزنىگىچە سوزۇلغان ئىدى.
قاراخانلار پۈتۈن دۆلەتتە خاقانىيە دىن باشقا جايلارغا ئېلىك خان بەلگىلەپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويىدى. مەسىلەن، ماۋرا ئۇننەهردە ئېلىك خان ئېلى تېگىن قاراخانلارغا ۋاكالىتەن ئىش بىجىردى؛ ياغان تېگىن مۇهەممەت (بۇغرا ئۇنۇۋانى بىلەن) تالاس (هازىرقى ئەۋلىيا ئاتا)، ئىسپىجاپ (چىمكەنت يېنىدىكى هازىرقى سايرام) قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام تارىخلىرىدا «ئېلىك خان» نى كۆپىنچە بىر پادىشاهنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۇ باشقۇرغان دۆلەت «ئېلىك خانلار دۆلىتى» دەپ ئاتالغان. قاراخانلار خانلىقىنىڭ شىمالدا ۋە غەرپتە قويغان ئېلىك خانلىرى ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار قاراخانلارغا ۋاكالىتەن ئىش بىجىرگۈچىلەر ئىدى. قاراخان ماۋرا ئۇننەهرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئېلى تېگىننى «ئېلىك خان» ئۇنۋانى بىلەن ئومۇمى ۋالى قىلىپ بەلگىلىدى.
1035 - يىلى، ماۋرا ئۇننەهردىكى ئېلىك خان ئېلى تېگىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر ئىبنى ئېلى ماۋرا ئۇننەهرگە «ئېلىك خان» بولدى. ئۇ قاراخانلار خانلىقىغا سادىق كىشى بولۇپ، قاراخانىلار هاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەر بىلەن قەتئى كۆرەش قىلدى. ماۋرا ئۇننەهردە يۈز بەرگەن سالچۇقلارنىڭ

دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدىكى ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىپ، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىگە كېلىدىغان خەۋپنى تۈگەتتى.

مىلادىنىڭ 1039 – يىلى، ناسىر ئېلىك خان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخاننىڭ يارلىغى بىلەن ئېلىك خان بولدى. ئىبراھىم ئېلىك خان ئۇنۋانى بىلەن خىزمەتكە تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنى «ئىمادۇد دۆلەتى» (دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى) دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئورنىنى كۆتۈرمەكچى بولغاندا، قاراخانىلار تەرەپتىن ئىبراھىم ئېلىك خانغا «تامغاچ ئىبراھىم خان» (تامغا تۇتقۇچى ئىبراھىم خان) دىگەن ئۇنۋاننى بەردى.

تامغاچ ئىبراھىم خان مۇستەقىل (مۇختارىيەت خاراكتىردىكى) خان سۈپىتىدە ھوقۇق تۇتقان ئىدى. شۇڭا، 1041—1047 – يىللىرى بۇخارا، سەمەرقەنتلەردە تامغاچ ئىبراھىم خان نامىدا پۇل چىقىرىلدى، ماۋرا ئۇننەھردىكى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى خاقانىيەدىكىگە ئوخشاش خېلى تەرەققى قىلدى. تامغاچ ئىبراھىم خان قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خوشنا ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇردى.

سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخان مىلادىنىڭ 1056 – يىلى ۋاپات بولدى.

مىلادىنىڭ 1061 – يىلى سالجۇقلار سولتانى ئالپ ئارسلان خان تامغاچ ئىبراھىم خان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چېگرىسىغا ئەسكەر توپلىدى. تابغاچ ئىبراھىم خانمۇ ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن يۈرۈش قىلىپ، خارەزم چېگرىسىغا ھەربىي كۈچ توپلىدى. ئالپ ئارسلان خان تامغاچ ئىبراھىم خاننىڭ زىمىنىغا تاجاۋۇز قىلدى. تامغاچ ئىبراھىم خان سالجۇقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ باغدات خەلىپىلىگىگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا، باغدات خەلىپىلىگى بىتەرەپ بولۇپ، بۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇرۇشقا قول سالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تامغاچ ئىبراھىم خاننىڭ ئەلچىلىرىگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تامغاچ ئىبراھىم خانغا «ئىززەلمۆمىن» (مۆمىنلەرنىڭ ئەزىزى) دىگەن ئۇنۋاننى بېرىپ ئەلچىلەرنى قايتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن خارەزم چېگرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى. تامغاچ ئىبراھىم خان 1068 – يىلىدىكى ئۇرۇشتا ۋاپات بولدى، قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى چېكىندى. قاراخانىلار قوشۇنلىرىنى سەل تەرتىپكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، سولتان ئالپ ئارسلان خان بىلەن يەنە قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. ئالپ ئارسلان خان قاراخانىلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى يۇسۇپ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختىدى. ئەمما، سالجۇقلار قاراخانىلارغا قاراشلىق ماۋرا ئۇننەھرگە نىقارىتا پاراكەندىچىلىكنى توختاتمىدى.

تامغاچ ئىبراھىم خاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلۇك ئولتۇردى. تامغاچ شەمسۇلمۇلۇك خان ماۋرا ئۇننەھرنىڭ زىمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن، سالجۇقلار بىلەن بولغان كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى، مۇشۇ جەرياندا تېرمىزنى ئىشغال قىلىپ، بەلخقە قەدەر قىستاپ كەلدى. بەلخ ھاكىمى ئاياز (سولتان ئالپ ئارسلان خاننىڭ ئوغلى) شەھەرنى بوشىتىپ چېكىندى. ئۇ ترمىزغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر

مەغلۇپ بولدى. شەمسۇلمۇلۇك بۇخارانى غەربىي ئېلىك خانلىغىنىڭ پايتەختى قىلدى.

1080 - يىلى، شەمسۇلمۇلۇك ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشى خىزىر ئېلىك خان بولۇپ ئولتۇردى. ئىسلام تارىخى ۋە ياۋروپا تارىخلىرىدا بۇ ئېلىك خاننىڭ ھاكىمىيەت دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ماتېرىيال كەمچىل. ئەمما 12 - ئەسىردە يېزىلغان «بۇخارا تارىخى» دېگەن كىتاپنىڭ مۇئەللىپى نىزام ئارۇدى: «خىزىرنىڭ خانلىق دەۋرىدە بىر قەدەر تىنچلىق ئورنىتىلدى. خانلىق دائىرىسىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققى قىلدى. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت راۋاجلىنىپ، ئەدىپلەر كۆپلەپ يېتىشتى. خان شائىرلارنى بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن قوللاپ، ئۇلارنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. شائىرلارنىڭ شېئىر ئوقۇش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا، ياخشى ماھارەت كۆرسەتكەن شائىرغا ھەر بىرسىدە 250 تىن دىنار قويۇلغان 4 پەتنۇس ئالتۇن تەقدىم قىلىنغان» دەپ يازغان.

خىزىر خاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تامغاچ ئەخمەت خانلىققا ئولتۇردى. تامغاچ ئەخمەت زامانىسىدا خانلىقنىڭ غەربىدە شىئە ھەركىتى ئۇلغىيىپ، شىئەلەر بىلەن تامغاچ ئەخمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كەسكىنلىشىپ كەتتى.

1089 - يىلى، سالجۇقلار سولتانى مەلىكشاھ قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئېلىك خانلىغىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ يەرنى بېسىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلبىسى ئۇلارنىڭ نەپسىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. سالجۇقلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سەمەرقەنت، ئۆزكەنت قاتارلىق جايلارنى قورشىۋالدى. قاراخانىلار سالجۇقلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا توختام تۈزۈلۈپ ئۇرۇش توختىدى. سالجۇقلار ئۆزلىرى بېسىۋالغان قاراخانىلارنىڭ زىمىنى ئاران 5 يىل تۇتۇپ تۇرالىدى. مەلىكشاھ 1092 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن مەھمۇت بىلەن بەگيارۇق ئارىسىدا سولتانلىق تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان تامغاچ ئەخمەت خان سالجۇقلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ھجرىيىنىڭ 488 - يىلى، مىلادىنىڭ 1095 - يىلى، تامغاچ ئەخمەت خان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خان ئائىلىسىدىن سۇلايمان تېگىن، مەھمۇت تېگىن، ھارۇن تېگىنلەر نۆۋەت بىلەن تەختتە ئولتۇردى. مەھمۇت تېگىن مىلادىنىڭ 1097 - يىلى ۋاپات بولدى. قالغان خانلارنىڭ خانلىق دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق ماتېرىيال يوق.

ھەسەن ئارسلان بوغرا قاراخان مىلادىنىڭ 1103 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تامغاچ ئەھمەت ئىبنى ھەسەن 1105 - يىلى قاراخان بولدى. بۇ دەۋردە قاراخانىلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققى قىلغان بولۇپ، خوشنا ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دوستانە سودا ئىشلىرىنى يولغا قويدى. بولۇپمۇ باغدات خەلىپىلىكى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەت تېخىمۇ راۋاجلاندى. 1105 - يىلى، قاراخانىلار مەھمۇت ئىبنى ئابدۇجەلىل قەشقەرى نامىلىق بىر كىشىنى ۋەكىل سۈپىتىدە باغدات خەلىپىلىكى مۇستەزىربىللاھ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ دوستانە مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئىسلام تارىخى مەنبەلىرىدە: «قاراخانىلار خانى ئەھمەت ئىبنى ھەسەن مىلادىنىڭ 1128 – يىلى قەشقەردىن بىر كۈنلۈك يىراقتا قارا خىتايلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. ئەھمەت قاراخان قارا خىتايلارنىڭ ھۇجۇمىغا شىددەتلىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنى چېكىندۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن قارا خىتايلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى توختىمىدى» دېيىلىدۇ. ئەھمەت قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەت بۇغرا قاراخان قەشقەردە خانلىق تەختتە ئولتۇردى.

1129 – يىلى، قارا خىتايلار قاراخانىلارغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى. غەرپتە تامغاچ مەھمۇتخان سالجۇقلارنىڭ سولتانى سەنجەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىۋاتاتتى.

قاراخانىلارغا قاراشلىق سەمەرقەنتتە ۋەكىل سۈپىتىدە تۇرۇشلۇق خانلار غەربىي ئىلىك خان دېيىلەتتى. غەربىي ئىلىك خان تەۋەلىكىدىكى يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردا يەنە بۇغرا تېگىن، ئارسلان تېگىن ئۆز ئۆتۆپ ئاددىي ئەمەلدارلار خىزمەتكە قويۇلاتتى.

3. 2 چوڭ سىستېما ئاستىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن تۇغرۇل، ئىبناغ بەگ، ساغۇن (كۆل ساغۇن)، ئېركە (كۆل ئېركىن)، ئۆگە، چوغۇر دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەلدارلارمۇ بولغان.

قاراخانىلاردا ئالىي ھۆكۈمران گورۇھىدىن باشقا، ئوردا ۋەزىرلەر گورۇھى بار ئىدى. بۇ گورۇھ 3 كىشىدىن يەنى تۆكسۇن، يابغۇ، يوغرۇش – ھاجىپ نامىدىكى ۋەزىرلەردىن تەركىپ تاپاتتى. ۋەزىرلەر ئاستىدا ئوردا مەھكىمە مەسلىھەتچىلىرى، كاتىپ، تايىنغۇر، ئىلمىكە، سۇ بېشى ياكى مايىلباش (ئارمىيە قوماندانى) بار ئىدى.

4. بۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئەمەلدارلار تابغۇچى (مالىيە – غەزنە ئەمەلدارلىرى)، ئىدىشچى (چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار)، ئامبارچى، سېتىقچى (سودا – تىجارەتنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار)، يالۋاچ (ئەلچى)، ئاشچى (ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل ئەمەلدار) دىگەن ناملار بىلەن ئاتىلاتتى.

قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەنە يېڭى مەنسەپ ناملىرى، مەسىلەن، شەيخۇل ئىسلام، ئۇنىڭ ئاستىدا مۇپتى (تەتقىق قىلىپ پەتىۋا چىقارغۇچى)، قازى (سوتچى) قاتارلىق مەنسەپلەر يېڭىدىن قوشۇلدى.

5. قاراخانىلارنىڭ خانلىقىغا بىۋاستە قاراشلىق يەرلىك خانلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئۆز دائىرىسىنى باشقۇراتتى. ئۇلار قاراخانىلارغا بويسۇنغان بىلەن يەنىلا مۇستەقىل ھالدا ئىش بېجىرەتتى، يەرلىك ئورۇنلارغا بەگ، ئەمىرلەرنى، ئاساسىي قاتلامغا يېزا ئاقساقىلى، ياردەمچى ئاقساقال قوياتتى. ئۇلار يەرلىك ئورۇنلارغا خاس تۈزۈم، ئىنتىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭغا قاراخانىلار ئارىلاشمايتتى. مەسىلەن، خوتەن خانى قىلىچخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قىلىچ ئۇنۇۋانىدىكى يەرلىك خان بولۇپ، خوتەننى ئۆزى باشقۇرغان.

يەرلىك خانلار ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تۇتۇش، مالىيە – ئىقتىسادنى باشقۇرۇش، پۇل چىقىرىش، كەمچەن بېكىتىش، خوشنا ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭ ئىشلاردا

خاننى خەۋەردار قىلىش، خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش، مەلۇم مىقداردا باج ـ سېلىق تۆلەش، قاراخانىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە يەرلىكتىن ئەسكەر چىقىرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە مەركەزدىن يىراق جايلاردىكى ئېلىك خان ۋە مۇستەقىل يەرلىك خانلار ئوتتۇرىسىدا چاپارمەنلەر يۈرۈپ تۇراتتى، قارغۇلۇق بار ئىدى. قارغۇلاردا تۇرغان قاراۋۇللار كېچىسى ئوت يېقىش، كۈندۈزى بايراق (بىر پارچە ھال رەڭ يىپەك رەختتىن قىلىنغان بايراق بولۇپ، جەڭ ۋاقتىدا قوللىنىلاتتى) لەپىلدىتىش بىلەن مەركەزگە ئالاقە يوللاش ئىشلىرىنى قىلاتتى. قارغۇ دەپ ئاتىلىدىغان پوتەيلەرنىڭ خارابىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھېلىمۇ ساقلانماقتا.

ب. پەخرى ئۇنۋانلار

قاراخانىلار دەۋرىدە تۈرلۈك ئۇنۋانلىرى قوللىنىلغان، ئۇمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. قاراخانىلار خاندانلىقىدا تۆۋەندىكىدە ئۇنۋانلار بولغان:

1. قاراخانىلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن تونۇلغان ياكى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن خانلىرىغا «بۇغرا خان ياكى بۇغرا قاراخان»، ياكى «تونگاخان» دىگەن ئۇنۋانلار بېرىلەتتى،
2. قاراخانىلار مەركىزىنى كۆچەيتىشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ياكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدىنىي ئىشلاردا كۆچ قوشقان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە «قادىرخان» (قابىلىيەتلىك، لايەقەتلىك، تەسىرلىك دىگەن مەنىدە) ئۇنۋانى بېرىلەتتى.
3. ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە «قىلىچ خان سوكمەن» (جەڭدە سەپنى بۇزغۇچى باتۇر) ئۇنۋانى ۋە «تونگا تېگىن»، «ئالپ تېگىن»، «ياغان تېگىن» ئۇنۋانلىرى بېرىلەتتى.
4. نەتىجە ياراتقان، تۆھپىسى بارلارغا «كول بېلگخان» ئۇنۋانى بېرىلەتتى.
5. قاراخانىلار ۋەزىرلىرىدىن خىزمەت كۆرسەتكەن، تۆھپە ياراتقانلىرىغا «باش ھاجىپ» دىگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى.
6. قاراخانىلار دەۋرىدە سۆز تۈزگۈچى يەنى شائىرلار ۋە ئەمچىلەر يەنى تېۋىپلەرنىڭ تۆھپىسىگە قاراپ يۇقىرى باھادا قەلەم ھەققى بېرىش، مۇكاپاتلاش تۈزۈملىرى بولغان (بىز بۈنى يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق).

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلدە كۆرستىلگەن ھەر خىل ۋەزىپە ئۆتىگۈچى ئەمەلدارلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە خىزمەتكە بەلگىلەشتىكى لاياقەت قاتارلىق مەسىلىلەردە بەلگىلىك شەرت ۋە ئۆلچەم بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ:

«سۇ بېشى>(ھەربى قوماندان) قانداق بولۇشى كېرەك؟

سۇ بېشى ـ دۈشمەننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتمەسلىگى، تىز پۈكمەيدىغان بولۇشى، بېشىدىن قەھرىمانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى ۋە جەسۇر بولۇشى كېرەك. سۇ بېشى بولغان كىشى قوماندانلىق قىلىش

ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇشى، دۈشمەنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالىشى لازىم. سۇ بېشى ئۆزىگە پەقەت بىر ئات، كىيىم – كېچەك، قورال – ياراق قالدۇرۇشى لازىم. ئوغلۇم، قىزىم، خوتۇنۇم، دەپ، مال – مۈلۈك توپلىماسلىقى، سۈيۈم، بېغىم دەپ كۈمۈش توپلىماسلىقى كېرەك؛ قوماندان ئۆزى جەسۇر بولسۇنكى، ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن جاسارەت ئالسۇن، قوماندان جەسۇر بولسا، پۈتۈن ئارمىيە جەسۇر بولىدۇ. باش قوماندان ئۈچۈن مۇنداق تۆت پەزىلەت كېرەك: توغرا سۆزلۈك، جاسارەتلىك، مەرتلىك، ھىلە بىلمەك كېرەك».

«يالۋاچ (ئەلچى) بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدا چوڭقۇر بىلىم بولۇشى كېرەك. ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ ماھارەت بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولۇشى، تۈرلۈك تىل – يېزىقلارنى بىلىشى، ھەر خىل پەندىن خەۋەردار بولۇشى، ھەتتا ئىلمىي نۇجۇم، تىۋىپلىق ۋە شاخمات، چەۋگەن (ئات ئۈستىدە ئوينايدىغان توپ ئويۇنى) قاتارلىق ئويۇنلارنى بىلىشى، ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېلىشنى بىلىشى كېرەك».

س. قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھەربىي قوشۇن

قاراخانىلارنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇنى بولۇپ، قوماندان «سۇ بېشى»، ئەسكەر «سۇ» دەپ ئاتىلاتتى. قاراخانىلار ھەربىي مەجبۇرىيەت قانۇنىنى يولغا قويغان، ئۇلار ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى خەلقتىن قانۇن بويىچە ئەسكەر قوبۇل قىلاتتى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئەسكەرلەرنىڭ ئىسىملىكى، سانلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەمىناتلارنى ئېنىق يېزىپ تۇرىدىغان دەپتەرنى «ئاي بېتىك» دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەسكەرلەر تاسادىپىي يىغىلىپ قالغان كىشىلەر توپى بولماستىن، بەلكى ھەربىي تەرتىپ بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنتىزىم قوشۇن ئىدى.

ھەتتا قاراخانىلار دەۋرىدە، ھەربىي قوشۇندا «ئىم» دەپ ئاتىلىدىغان مەخپىي بەلگە (پارول) قوللىنىلاتتى.

قاراخانىلارنىڭ ھەربىي قوشۇنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنەتتى:

1. ئاقىنچى قىسىم يەنى ھۇجۇمچى قىسىم.

2. تۇتقاق قىسىم يەنى كېچىسى دۈشمەن قاراۋۇلنى تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېلىدىغان ئاتلىق قىسىم.

3. ئەسكەرلەر ئىچىدە دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلىنىدىغان مەخسۇس قىسىم.

قاراخانىلار ھەربىي قوشۇنىنىڭ مەخسۇس بايرىقى بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، 9 دانە ھال رەڭ بايراق قوللىنىلغان. بۇ قاراخانىلارنىڭ قەدىمقى 9 تۇغلۇق قەبىلە ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئىدى (قەدىمقى ئۇيغۇرلار 9 نى مۇقەددەس دەپ بىلەتتى. ھازىرمۇ 9 تازىم، 9 خون دىگەن سۆزلەر بار). يەرلىك خانلار بايراقنى 9 دىن ئاز قوللىناتتى. قاراخانىلارنىڭ ھەربىي قوشۇندا سىگنال ئورنىدا سۇناي، ناغرا – دۇمباق ئىشلىتىلەتتى.

## 5– بۆلۈم قاراخانىلارنىڭ ئىقتىسادى

### 1. فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر

ئۇيغۇرلار تارىخىدا قاراخانىلار خانلىقىدەك بۈيۈك خاندانلىقنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۇيغۇرلاردا فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ: (1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن؛ (2) ماۋرا ئۇننەھر، ئىلى، تارىم، قەشقەر، خوتەن ۋادىلىرىدا ئىگىلىك داۋاملىق تەرەققى قىلغان؛ (3) ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن تەپ تارتىپ، سىياسى جەھەتتە بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشكە پېتىنالمىغان؛ (4) قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاراخانىلار جەمىيتى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئەمنىلىك ئىچىدە تەرەققي قىلدى.

قاراخانىلار ئىقتىسادىنىڭ گۈللەپ – ياشنىغانلىقى، ئاساسەن، دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ روناق تاپقانلىغى ۋە سودا – سېتىقنىڭ گۈللەنگەنلىگىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى ئىجتىمائى بايلىقنى زور مىقداردا ئىستىمال قىلغانلىقتىن (مەسىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەيش – ئىشرەتى ئۈچۈن سەرىپ قىلغانلىقى، كەينى – كەينىدىن غازات ئۇرۇشلىرى ۋە زېمىن كېڭەيتىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىغى)، دىخانلار ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. يېزا ئىگىلىگى – فېئودالىزىمنىڭ ئاساسى. قاراخانىلار دەۋرى فېئوداللىق جەمىيەتنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىدى. مۇشۇ دەۋردە جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلىپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. 10 – ۋە 13 – ئەسىرلەردە يېزىلغان تارىخي ۋە گېئوگرافىيىلىك ئەسەرلەردە قاراخانىلارنىڭ ئىگىلىگىگە ئائىت ماتىرىياللار ناھايىتى كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دىگەن ئەسىرىدىكى مەنبەلەردىن قاراخانىلار جەمىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئىنتايىن قىممەتلىك جاۋاپلارنى تاپالايمىز. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە قاراخانىلار جەمىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە جەمىيەتتىكى تەبىقىلەر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئۆز دەۋرىدىكى ئەھۋاللار تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئىگىلىگىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، قاراخانىلار تېرىتورىيىسىدە ياشىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خالقلەرنىڭ ئىجتىمائى ھاياتى، روھىي قىياپىتى، دۇنيا قاراشلىرى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يەكۈنلەپ، سېستىملىق بايان قىلغان. ئاپتۇر ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىلار جەمىيىتىدىكى تەبىقە ۋە سىنىپلارنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، جەمىيەت بايلىقنى ياراتقۇچىلارغا ئۆز دەۋرىگە لايىق ئىلغار باھا بەردى.

قاراخانىلار جەمىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان دىخانلارنى چارۋىچىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنى شەھەر ھاياتىنىڭ ماددى بايلىقنى ياراتقۇچىلار دەپ قارىدى. قاراخانىلار دەۋرىدىكى يەر تۈزۈمىدە بىر نەچچە خىل ئىگىلىكنىڭ بارلىغىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، دىۋان يېرى (دۆلەت يېرى) بولۇپ، بۇ قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەر ئىدى. بۇ

يەرلەر ئاغدۇرۇلغان خانلارنىڭ يەرلىرى، خان جەمەتلىرى، ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئىگەللىگەن يەرلىرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 999 – يىلى، ناسىر ئىلىك ئارسلان خان سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىگەللەپ، سامانىلار خانلىقىغا خاتىمە بەردى. مۇشۇ ۋاقىتتا سامانىلار خانلىقىنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، قاراخانىلارنىڭ دىۋان يېرىگە ئايلاندۇرۇلغان.

ئىككىنچى خىلى، يەر ئىگىلىرى ۋە دىخانلار ھەدىيە قىلغان يەرلەر بولۇپ، كېيىن بۇ يەرلەر «ۋەخپە يەر» دەپ ئاتالدى. بۇ خىلدىكى يەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا، قەشقەردە ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. قاراخانىلار ھاكىمىيتى دەۋرىدە، ئىسلام مەدرىسلىرىگە، مەسچىتلەرگە ھەدىيە قىلىنغان نۇرغۇنلىغان يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مەدرىس، مەسچىت، ئادەتتىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۆتىۋەللىرىنىڭ قولىدا بولاتتى. بۇ يەرلەر ۋەخپە يەرلەر دەپ ئاتىلاتتى.

ئۈچىنچى خىلى، فېئوداللار، خانزادىلەرنىڭ مۈلكى يەرلىرى بولۇپ، فېئوداللار (پومىششىكلار) ئۆز نامىدىكى مۈلكى يەرلەرنى ئۆزى تېرىماستىن، دىخانلارغا ئىجارىگە بېرىش يولى بىلەن تېرىتقۇزاتتى.

تۆتىنچى خىلى، دىخانلارنىڭ ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەر بولۇپ، بۇ خىلدىكى يەرلەرنى دىخانلار ئۆزلىرى تېرىيتتى.

بەشىنچى خىلى، يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرى بولۇپ، بۇ خىل يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى «ئىكتا» دەپ ئاتىلاتتى. نىزامۇلمۇلۇك «سىياسەتنامە» دىگەن ئەسىرىدە «ئىكتا» نى ۋاقىتىنچە بېرىلىدىغان ئىنئام يەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن؛ دۆلەت غەزنىسىگە چۈشىدىغان دارامەتنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ خىلدىكى «ئىكتا» دىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. نىزامۇلمۇلۇك «سىياسەتنامە» نىڭ بىر بابىنى «ئىكتا» غا بېغىشلاپ، بۇ بابقا «ئىكتا» دەپ نام قويغان. «ئىكتا» پارىسچە سۆز بولۇپ، «ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بېرىدۇ. «ئىكتا» نامىدىكى يەرنى تېرىغان دىخان بەج شەكلى بىلەن سېلىق تۆلەيتتى، يەنى «ئىكتا» يەرنى تېرىغان دىخاندىن مەھسۇلاتىنىڭ بىر قىسمىنى سېلىق سۈپىتىدە تۆلىتىۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

8 –، 9 – ئەسىرلەرگە ئائىت بىر قانچە پاكىتتىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ دەۋردە ھاكىملارغا، ھەربىي باشلىقلارغا ۋە ئەمەلدارلار، خادىملارغا «ئىكتا» شەكلىدە ئىنئام يەر بېرىش يولغا قويۇلغان. كېيىن بۇ خىلدىكى «ئىكتا» يەرلەر سارايى ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇئاشى ئۈچۈن ۋە ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئىنئام سۈپىتىدە بېرىلىدىغان بولغان. بۇ خىل شەكىل سامانىلار دەۋرىدىن كېيىن قاراخانىلار دەۋرىدە ئومۇمى يۈزلۈك ساقلانغان. سەمەرقەنتتىكى ئىلىك خان ئىلى تېگىن ۋاقتىدىمۇ «ئىكتا» بېرىش شەكلى قوللىنىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە «ئىكتا» ۋاقىتىنچە ئىنئامدىن مۇددەتسىز ئىنئامغا، مۇددەتسىز ئىنئامدىن مىراسقا ئايلانغان. شۇنداق قىلىپ، سامانىلار دۆلىتىدە فېئودال يەر مۈلۈكچىلىگىنىڭ كونا قالدۇقلىرى بىلەن يېڭى شەكلىمۇ پەيدا بولدى ۋە تېز راۋاجلاندى. بۇ فېئودال يەر مۈلۈكچىلىگى قاراخانىلار دەۋرىدە ئاساسىي شەكىل بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ قاراخانىلار دەۋرىدە بىر قانچە كۆچمەن

قەبىلىلەر يېزا – كەنتلەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا يەرلەرنى ئىجارىگە ئالغۇچىلار، دېھقانلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلدى.

11 – ئەسىردىكى تارىخىي مەنبەلەردە يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچىلار «ئىجارىكەش» نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ ھەقتە نىزامۇلمۇلۇك ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن. ئۇ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئىكتا» غا بېغىشلانغان بابىدا، شۇ دەۋردە ئىسلىزادىلەردىن بولغان بىر خوتۇن ھەققىدە ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئېرى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلغان بۇ خوتۇن ئۆز يېزىسىدا يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق يەرنى ئۆز كۈچى بىلەن تېرىيالمىغاچقا، ئۇنى ئىجارىكەشكە ئىجارىگە بەرگەن. ئېلىنغان ھوسۇلنى 3 كە بۆلگەن: بىر قىسمىنى دۆلەتكە، ئىككى قىسمىنى ئىجارىكەشكە بەرگەن، قالغان قىسمىنى ئۆزى تېرىشقا ئېلىپ قالغان» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شۇ دەۋردە يېرى ئاز دېھقانلارلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈنلەي يەرسىز دېھقانلارمۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىقتىساتنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا، دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، سودا تەرەققى قىلدى.

2. يېزا ئىگىلىكى

تارىم، قەشقەر ۋادىلىرىنىڭ ئىقلىمى تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋا كىلىماتىغا مەنسۇپ. يانۋار ئېيىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتورا تەخمىنەن 0 دىن تۆۋەن 10 گرادۇس بولسا، ئىيۇل ئېيىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تەخمىنەن 0 دىن يۇقىرى 35 گرادۇس بولىدۇ؛ يىللىق ھۆل – يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 50 م م ئەتراپىدا بولىدۇ؛ قىش پەسلىدە ئوتتۇرىچە 20 س م قېلىنلىقتا قار ياغىدۇ، ئېرىش پەسلىدە تەخمىنەن 30 كۈن ئۆپچۆرىسىدە ئېرىپ بولالايدۇ. يامغۇر ئاساسەن باش كۈز پەسلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ياز پەسلىدىكى ھۆل – يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 10 م م ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ قىروسىز مەزگىلى تەخمىنەن 210 كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولغانلىقتىن، كېۋەز، بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئاساسىي زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەپلىك، بۇ جاينىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 0 دىن يۇقىرى 10 گرادۇس ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن 10 – ئۆكتەبىر كۈنلىرى ئۆپچۆرىسىدە دەسلەپكى قىرو چۈشىدۇ. يىل بويى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 كۈن ئۆپچۆرىسىدە 8 بالدىن يۇقىرى غەربىي شىمال شامىلى ۋە غەربىي جەنۇب شامىلى چىقىدۇ. تىيانشان، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدا يىل بويى ئېرىمەيدىغان قار – مۇزلار بۇ ۋادىلارنى تۈگىمەس – پۈتمەس سۇ مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا، قاراخانىلار مانا مۇشۇنداق ئەپلىك تەبىئىي شارائىتلارغا ئىگە بولغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىكى ئۈچقاندەك تەرەققى قىلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئېرىق – ئۆستەڭلەر ئارقىلىق سۇغىرىش يولغا قويۇلدى. ھەتتا سۇ چىقمايدىغان يەرلەر تاغلارنى تېشىپ سۇ ئۆتكۈزۈش، كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق سۇغىرىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دېھقانچىلىقتا تۇپراقنى ياخشىلاش، يەر شورلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇغدايغا چۈشىدىغان

«پىت» نىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش تېخنىكا يېڭىلاش ئىشلىرى قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەرەپشان، تاشكەنتلەردە دىخانچىلىق سۇغىرىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان.

تارىم بوستانلىقىدا ۋە ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئاساسىي ۋىلايەتلىرىدە، بولۇپمۇ زەرەپشان، قەشقەر ۋادىسىدا دىخانلار بۇغداي، قوناق، ئارپا، زىغىر، شال، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى. بۇ جايلاردا ئومۇمى يۇزلۇك سۇ تۆگمەنلىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، كەندىر، زىغىر، كۇنجۇت قاتارلىقلار تېرىلاتتى. كېۋەزنىڭ كۆپ تېرىلىشى ئارقىسىدا، چىگىتتىن ياغ چىقىرىلىدىغان جۇۋازلارمۇ راۋاجلاندى. زەرەپشان ۋادىسى، تارىم بوستانلىقى ۋە تۇرپان ۋادىسى چوڭ كېۋەزچىلىك رايونى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تارىم ئويمانلىقىدا ۋە زەرەپشان ۋادىسىدا مىلادىدىن ئىلگىرىلا كېۋەز تېرىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى پاختىدىن ھەر خىل رەختلەرنى توقۇغان. توقۇمىچىلىق راۋاجلىنىپ پاختا، كەندىر، يىپەك ۋە يۇڭدىن ئارىلاشما رەخت «ماشىروپ» نى توقۇغان، رەخت ئۈستىگە ھەر خىل چىرايلىق گۈللەرنى باسقان. بۇ پاكىتلار ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ۋە ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئاساسىي ۋىلايەتلىرىدە پاختا توقۇمىچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا - قىشلاقلار بىلەن كۆچمەنلەر ئارىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، سودا تەرەققىي قىلدى. كارۋان سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھۈنەر - سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس سېلىندى. 14 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىتالىيىلىك مەشھۇر سەيياھ مارك پولۇ: «قەشقەر رايونىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىخانچىلىق رايونلىرىدا گۈزەل باغلار، ئۈزۈمزارلىقلار ۋە كەڭ تېرىلغۇ يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەردە كېۋەز ئۆستۈرۈلەتتى» دەپ يازغان.

بۇ دەۋرلەردە غەربىي رايوندا باغۋەنچىلىكمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، خىلمۇ - خىل مېۋىلىك دەرەخلەر يېتىشتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن ئۈرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، ياڭاق، بېھى، نەشپۈت، جىنەستە، پىستە، بادام، تاۋۇز ۋە ھەر خىل شىرىن ئالمىلار، تۈرلۈك سورتىنكى قوغۇنلار داڭلىق ئىدى. ھەتتا لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى تۇپرىقى ئۇنۇمسىز بولغان جايلىرىمۇ ئۈزۈم كۆپلەپ ئۆستۈرۈلەتتى، ئۈزۈمدىن مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

### 3. قول ھۈنەرۋەنچىلىك

قاراخانىلار دەۋرىدە تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن قاتارلىق مەدەن كانلىرىنى ئېچىش مەيدانغا كەلدى. كۇچا، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن بازارلىرىدا ئالتۇن، مىستىن ئىشلەنگەن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۆي جاھازلىرى سېتىلاتتى. بۇ جايلاردا توقۇمىچىلىق (باپكالىق) ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ جايلار ئۆزلىرىنىڭ شايى - ئەتلەس، بەقسەم، بوز - ماتا، چەكمەن، زەردىۋال، پالاز، خورجۇن، جايناماز، گىلەم، كىگىز قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان، مەرۋايىت، ئېسىل تاشلاردىن ياسالغان نەپىس ئەسۋاپلارنى ۋە باشقا قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى چەتكە چىقارغان. ئاتاقلىق جۇغراپىيون مۇقدۇسى ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەردىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان

تاۋارلارنىڭ تىزىملىكىنى تىلغا ئالغان. ماۋرا ئۇننەھردىكى خارەزىم، بۇخارادىن چەتكە قوي تېرىسى، گەزلىمە، جايناماز، گىلەم، ئېگەر – جابدۇق قاتارلىق تاۋارلار چىقىرىلغان. تارىخي مەنبەلەر ۋە ئارگىولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، تارىم ئويمانلىقىدا يىپەكچىلىكنىڭ ئومۇملىشىش ۋاقتى مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ مەركىزى ئىدى.

خوتەننىڭ شايى، ئەتلەس، گىلەم، قاشتاش بويۇملىرى، قەشقەرنىڭ كۆن، خۇرۇملىرى، دورا – دەرمەك، ئەينەك بۇيۇملىرى، ئىران، رۇم، ھىندىستان، خارەزىم قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلغان.

سودا – سېتىقنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن غەرپ ۋە شەرقتىكى ئەللەرگە بارىدىغان «كارۋان بۇيۇك» (يىپەك يولى) دا سودا كارۋانلىرىنى كۈتىۋالىدىغان ساراي، ئۆتەڭلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. سودىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن پۇل مۇئامىلىسى راۋاجلاندى. قاراخانىلاردىن ساتۇق بۇغرا قاراخان، ھارۇن بۇغرا قاراخان، مۇسا بۇغرا قاراخان، يۈسۈپ قادىر قاراخان، سۇلايمان ئارسلان قاراخان، غەرپ خانلىرىدىن تامغاچ ئىبراھىم خان، شەمسۇلمۇلۇك خان قاتارلىقلارنىڭ نامىدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس پۇللار چىقىرىلدى.

4. بىناكارلىق

قاراخانىلار دەۋرىدە قەدىمقى ئاساستىكى بىناكارلىق، ئۆي – ئىمارەتلەرنى لايىھەلەش ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققى قىلدى. قاراخانىلارنىڭ ئوردا كەنت، ساراي، مەسچىت، جامە، مەدرىسلىرى ئەڭ كۆركەم، ئېنتايىن ھەشەمەتلىك سېلىنغان. قەدىمقى ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەققاش ئۆلگىلىرىنى شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆلگىسى دېيىش مۇمكىن. ئوردا كەنت (خان سارىيى)، مەدرىسە، مەسچىت – جامەلەرنىڭ قۇببىلىرى، گۇمبەزلىرى ۋە مۇنارلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلەتتى، تاملىرى ھەر خىل رەڭدىكى كاھىشلاردىن سېلىناتتى.

تارىخي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قاراخانىلارنىڭ ئاتۇشتىكى تۇنجى ئوردىسى ۋە 10 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىككىنچى قېتىمقى ئوردىسى يەنى قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى «خان ئۆي» ناھايىتى گۈزەل ياسالغان. ساتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ ئاتۇش مەشھەتتىكى مازىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسالغان. سۇلايمان ئارسلان قاراخان دەۋرىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەردىكى مازىرى رەڭدار ۋە گۈللۈك خىشلاردىن نەقىشلىق قىلىپ ياسالغان. شۇ دەۋردە قەشقەردە قۇرۇلغان ساجىيە مەدرىسى ۋە ئۇنىڭ چوڭ تېپتىكى كۇتۇپخانىسىمۇ ناھايىتى چىرايلىق، كۆركەم قىلىپ ياسالغان. بۇلار بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىزلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىرى ئاز ئەمەس.

«تارىخي رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (كوراگانى) نىڭ بايان قىلىشىچە، قاراخانىلار دەۋرىدە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر قانچە شەھەر بېشىدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ خارابىسىمۇ قالمىغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە غەرپ خانى تامغاچ ئىبراھىم خان سەمەرقەنتنىڭ كورجۇن مەھەللىسىدە چوڭ بىر

ساراي بىنا قىلدۇرغان. بۇ ساراي ناھايىتى ھەشەمەتلىك، چىرايلىق بولغانلىقتىن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى چىققان. يۈسۈپ قاراخاننىڭ ئوغلى توغرول قاراخان 1072 ـ يىلى مەرغىلان، تەخسكە قاتارلىق جايلاردا چىرايلىق سارايلارنى سالدۇرغان ۋە يول، كۆۋرۈك، چوڭ ئۆستەڭلەرنى ياساتقان.
1080 ـ يىلى شەمسۇلمۇلۇك سەمەرقەنت بىلەن خەرجەڭ ئارىسىدىكى «ئاق كوتەل» دېگەن جايدا چوڭ ساراي بىنا قىلدۇرغان. خەرجەڭ قىشلىغى يېنىدا «قورغان مەلىكە» نامىدىكى سارايىنى سالدۇرغان؛ بۇخارا شەمساباد سارىيىنى ۋە بۇخارا مەسچىدىنى يېڭىدىن سالدۇرغان، بۇ بىنالار ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن ھېلىمۇ ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
قاراخانىلاردىن غەربىي ئېلىك خان خىزىر دەۋرىدە (1081 ـ يىلى ۋاپات بولغان) سەمەرقەنتتىكى «جۇيبار» دېگەن يەردە گۈزەل بىر ساراي سالدۇرغان. ئاتاقلىق تارىخچى نەرشەخى «بۇخارا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە: «بۇ ساراي بەكمۇ گۈزەل بولۇپ، ئۇ كامالەتكە يەتكەن ماھىر ئۇستىلار تەرىپىدىن سېلىنغانلىقتىن، 30 يىلدىن بويان قاراخانىلارنىڭ ئوردا سارىيى بولۇپ كەلمەكتە» دەپ بايان قىلغان. «كىتاپ موللازادە» دېگەن ئەسەردە، ساغىر بەگ ئارسلان خاننىڭ 1103 ـ يىلى بۇخارادا «بۇخارا سارىيى» ناملىق ساراي سالدۇرغانلىقى، شەمساباتتا 1119 ـ يىلى چوڭ تىپتىكى بىر مەسچىت بىنا قىلغانلىقى، 1121 ـ يىلى جامەنىڭ بۇلۇتقا تاقاشقان مۇنارىسىنىڭ ياسالغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ خىل خان سارايلىرى، مەسچىت، جامەلەر ئەينى دەۋردە يۇقىرى تېخنىكا ئاساسىدا ماھىرلىق بىلەن ياسالغانلىقتىن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇزۇلماي كەلگەنلىكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى بىناكارچىلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، نەققاشچىلىق، سىرچىلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىمارەتلەر قەدىمقى بىناكارلىقنى تەتقىق قىلىشتا چوڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر.
ئىزاھاتلار:
① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 59 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سوغۇن بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن جاينىڭ ئېتى، دېيىلگەن. ئەمما قايسى بۇغراخان ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلمىغان. شۇ چاغدا ساتۇق بۇغراخان ئاتۇشتىكى سوغۇن دېگەن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېھتىمال ساتۇق بۇغراخان بولسا كېرەك دەپ تەخمىن قىلىمىز. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 51 ـ بەت.
④ يۇقۇرقى ئەسەر، 564 ـ 565 ـ بەتلەر.
⑤ چەتئەل تارىخىي مەنبەلىرىدە ھارۇن بۇغراخاننى مىلادىنىڭ 993 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ كۆرسەتكەن بولسا، خەنزۇچە مەنبەلەردە 992 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەن. مەن ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرىدىكى 997 ـ يىلنى توغرا دەپ قارايمەن.
⑥ سۋار ـ ئەرەبچە «ئاتلىق ئەسكەر» دېگەن مەنىدە ـ ت.
⑦ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 592 ـ بەت.

⑧ ئېلك – قەدىمقى ئۇيغۇر تىلدا ئەل ئىگىسى، يۇقۇرى خان دىگەن مەنىدە.

⑨ خاقانىيە – قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزى قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى – ت.

⑩ قارغۇ – قاراۋۇل تۇرا، ئىگىز دۆڭلەرگە قۇرۇلغان تۇرا. دۈشمەن كۆرۈنگەن هامان هەممە يەلەننىڭ جەڭگە تەييار بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوت يېقىلىدۇ.

⑪ ئىم – هەربى قوشۇنلاردا باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخپى بەلگە (پارول)، مۇنداق بەلگىلەر قوش ۋە قورالىلارنىڭ ئېتى ياكى باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى تۈركۈم ئەسكەر ئۇچراشقاندا، بىر بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۆزئۆشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلىدۇ. كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا، بىرى يەنە بىرىدىن ئىم سورايدۇ، سورالغان كىشى ئىمنى بىلسە ئۆز كىشىسى هسابلىنىدۇ؛ بىلمىسە هۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 – توم، 54 – بەتكە قاراڭ.

### تۆتىنچى باب قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

#### 1- بۆلۈم قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئومۇمى ئەهمىيەتكە ئىگە. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا چوڭ تۆھپە قوشتى؛ شىنجاڭدىكى قەدىمقى تۈركى خەلقلەرنىڭ قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇشى ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى هەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتتى.

تارىم ۋادىسى 3 خىل مەدەنىيەتنىڭ (يونان، هىندى، چىن مەدەنىيىتى) ۋە ئۈچ خىل دىن (بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى) نىڭ ئۇچراشقان ئورنى، قەدىمقى بۈيۈك كارۋان يولى – «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنى ئىدى. 3 خىل مەدەنىيەت، 3 خىل دىنىنىڭ مەركىزى بولغان بۇ رايون تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق قاتارلىق خەلقلەر ماددى، مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئۆز دەۋرىدە يۇقۇرى سەۋىيىگە يېتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ياراتتى.

تارىخشۇناس مورگان: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى بىزگە مەلۇم بولغۇسى»① دەپ ئالدىن – ئالا بىشارەت بەرگەن ئىدى. دېمەك، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمقى مەدەنىيەتنىڭ سىرى تەلتۆكۈس ئېچىلسا، غەربىي رايوننىڭ قەدىمقى ئەينى تارىخىي قىياپىتى رۇشەنلىشىش بىلەن بىللە، دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار مۇهىم تارىخىي پاكىتلارمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشكە باغلىق.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يىپەك بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان دىيىش ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. قەدىمقى يونان تارىخچىلىرى ھازىرقى شىنجاڭ توغرىلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. يونانلىق ھىرىدوتۇس ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمقى شىنجاڭنى «سېرىس ئېلى» دەپ تىلغا ئالغان. مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان يونانلىق ئالىم كىسياس ئۆز ئەسەرلىرىدە «سېرىس دۆلتى» (يىپەك دۆلتى) نى تىلغا ئالغان. بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە تەپسىلىرەك ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان، مىلادىنىڭ 2 – ئەسىردە ياشىغان يونانلىق جۇغراپىيون پىتولېمى (مىلادىنىڭ 150 – يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق 10 توملۇق ئەسىرىدە «سېرىس ئېلى» دىگەن ، مەخسۇس بىر باپ بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭدا ياشىغۇچى خەلقنى «سېرىس» لار دەپ ئاتىغان. «سېرىس» سۆزى گرېك تىلىدىكى «يىپەك» دىگەن سۆزنى كۆرسىتىدۇ. «غەربىي يۇرت توغرىسىدا خاتىرىلەر» دىگەن كىتاپتا: «خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ، يىپەكتىن توقۇلغان شايى، ئەتلەس، چۈچۈنلەر ئىنتايىن پىششىق كېلىدۇ. پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ» دېيىلگەن. شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان ئارخىلوگىيىلىك قېزىلما ماتىرىياللاردا يىپەك بويۇملىرىغا ئائىت قېزىلمىلار چىققان، بۇنىڭ ئىچىدە كىتاپ، شايى، ئەتلەس ۋە چۈچۈنلەر بار. بۇلار ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن توقۇلغان، بۇياقلىرى ناھايىتى كۆركەم، گۈللىرى ئاجايىپ چىرايلىق.

بىز يىپەك مەسلىسىنى تىلغا ئالغاندا، «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «چىغرى» يىپەك ئىگىرىدىغان چاق، «كامان» بوز ياكى گىلەم تۇقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۇرۇچنى ئايرىيدىغان بىر خىل ئەسۋاپ؛ «چەكىن» يىپەك رەختكە زەر بېسىش؛ «تەختۇ» ئىگىرىلمىگەن مەشۇت؛ «كىمشىكە» قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاز دىگەن سۆزلەر بار. تارىخي پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا يىپەك رەخت توقۇش ھۈنىرىنى ئىجات قىلىپ، ھەر خىل يىپەك بويۇملارنى توقۇپ چىققان. ئۇلار يىپەك رەختلەرگە زەر بېسىش ئارقىلىق تەتىللا، كىمخاپ توقۇغان. بۇ ئېسىل رەختلەر شەرقتە ۋە غەربتە قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر بولۇپ كەلگەن.

قەدىمقى «كارۋان يولى» ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ممللەتلەرنىڭ مەدەنىيتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. قەدىمقى كارۋان يولى تارىم ئويمانلىغىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ۋە ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتەتتى.

ئوتتۇرا يول كىروراندىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبىي كىنگىت (قاراشەھەر) ئوگدى (ھازىرقى بۈگۈرنىڭ شەرقى)، كۈسەن (كۇچا)، سۇللاغ (قەشقەر) ئارقىلىق پامىر ئىگىزلىگىدىن ئېشىپ، توپ – توغرا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ بويلىرىغا يېتىپ باراتتى.

جەنۇبىي يول ياڭگۇەن (كۇن قۇۋۇق) دىن چىقىپ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ پىشامشان (ھازىرقى چارقىلىق) نىڭ جەنۇبى، شىمالي كوئېنلۈننىڭ شىمالى، كېرىيىنىڭ شەرقى، خوتەننىڭ جەنۇبى قاتارلىق جايلار ۋە يەركەنت قاتارلىق يەرلەردىن ئۆتۈپ ئاندىن «دۇنيانىڭ

ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئارقىلىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئارساكقا (ئىرانغا) باراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا بىر يول بولۇپ، ئۇ تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ئۆرغۇل (قۇمۇلنىڭ غەربى) ئارقىلىق باركۆل، بىشبالىق (جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ئارقىلىق سۇياپ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى توقماقنىڭ يېنىدا) شەھرىگە بېرىپ، ئاندىن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپول (ئىستامبۇل) غا باراتتى.

يىپەك سودىسى ئەزەلدىن ئاسىيانىڭ مۇھىم سودا پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ خېرىدارى ئاساسەن ئىران، شەرقىي رىم ۋە يېقىن شەرق ئەللىرى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار يىپەك سودىسىنىڭ ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايتتى. يىپەك يولىدىكى ھەر بىر ئاساسىي تۈگۈنلەردە سوغدىلارنىڭ تىجارەت ئورنى بار ئىدى. دېڭىز يولىدا بولسا ھىندى ئوكيان ئارقىلىق كېمە قاتنايتتى. شەرقىي رىمدا ئاساسەن يىپەك ئىشلەپچىقىرىلمىغانلىقتىن، ئىراندىن ئۆتۈپ، ھىندىستان بۇددىستلىرى بىلەن بىۋاستە سودا قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئىران توسقۇنلۇق قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سودىگەرلىرى تۈرك تۈرك خانلىقىغا بېقىندى بولغانلىقتىن، يىپەك سودىسىنى كېڭەيتىشتە غەربىي تۈرك خانى ئىستەمىدىن ياردەم سورىدى. مىلادىنىڭ 560 – يىلى، تۈرك خانى ئىستەمى خاقان ئىران شاھى خسراۋ I گە ئەلچى ئەۋەتىپ، يىپەك سودىسىنى يولغا قويۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. بىراق خسراۋ I ئىستەمى خاقاننىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى. «ئۇ تۈركلەردىن ئۆتۈپ كەلگەن يىپەكلەرنى ئىشلەتمەيمىز» دەپ، يىپەك سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىنى خەلقى ئالدىدا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، ھەتتا تۈرك ئەلچىلىرىنى قاماپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىستەمى بىلەن خسراۋ I نىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپەك سودىسىنى قوغداش ئۇرۇشى پارتلىدى. كېيىن، ئىستەمى سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ تەكلىۋى بويىچە، شەرقىي رىم بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىشنى يولغا قويۇش نىيىتىدە شەرقىي رىمغا مەخسۇس ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن خەت ۋە يىپەك ئەۋەتتى. تۈرك خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 567 – يىلى شەرقىي رىمغا يېتىپ بېرىپ، شەرقىي رىم پادىشاسى يۇستىنىئاننىڭ كۈتىۋېلىشىغا ئېرىشتى. شەرقىي رىم پادىشاسىمۇ تۈرك خانى ئىستەمىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى.

مۇشۇ دەۋردە، تۈركلەرنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ تەرەققى قىلغان ئىدى. 669 – يىلى پادىشاھ يۇستىنىئان ۋاقتىدا تۈرك خانى ئىستەمىنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن زىمارك: «تۈرك يۇرتىدا ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ سەنئىتى ۋە نازۇكلىقى رىم مەملىكىتىدىن قېلىشمايدىكەن. مەن ئىستەمى خاقاننىڭ بىر نەچچە ئوردىلىرىدىكى ئالتۇن ئەسۋاپلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆپلىكىدىن ھەيران بولدۇم. مېنى ئىستەمى خاقان ھۇزۇرىدا مۇراسىم بىلەن قوبۇل قىلدى. مېنى قوبۇل قىلغان ئوردىنىڭ ھەممە يېرى يىپەك زىلچىلار، يىپەك پەردىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئىستەمى خاقان مۇشۇ زىننەتلىك ئوردىدا ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ

مېنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئوردىنىڭ زىننەتلىكلىكى، ھەشەمەتلىكلىكى رىم پادىشاھلىقىدىن كەم ئەمەس، بۇ ئورۇندا بىر قانچە ئالتۇن ئاپتۇۋۇلارنى كۆردۇم. بۇ ئاپتۇۋۇلار ناھايىتى چىرايلىق، سىپتا، نەقىشلىق قىلىپ ئىشلەنگەن. ئوردىدىكى جاھازلار ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك نەرسىلەردىن ئىشلەنگەن، مەن ئوردىدا ھايۋان سۈرەتلىرى ئورنىتىلغان جايلارنى تاماشا قىلدىم» دېگەن. دېمەك، تۈرك، خانىدانلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا رىم پادىشاھلىقىمۇ قىزىققان. شۇڭا ئۇلار بىلەن يىپەك يولىدىكى سودا داۋام قىلغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي رىم ۋە ھىندىستانغا سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇرغانلىقتىن، غەربىي يۇرتنىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرى چەتكە چىقىرىلغان.

يىپەك يولى كېيىنكى دەۋرلەردە قاراخانىلار مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراخانىلار مەدەنىيىتى 3 خىل مەدەنىيەت، 3 خىل دىنىنىڭ ۋە يىپەك يولىنىڭ تەسىرى بىلەن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. قاراخانىلار دەۋرىدە شەرقتە كۇچاغىچە بولغان ئارىلىق بىلەن شىمالدا ئىلى ۋادىسىنى، غەربتە ئامۇ دەرياسى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنغا جايلاشقان قەشقەر، بالاساغۇن، بارسغان، بارچۇق (مارالۋېشى)، تالاس (ھازىرقى جامبۇل)، فاراپ (ئوترار)، شاش (تاشكەنت)، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق بىر قانچە چوڭ شەھەرلەر تېخىمۇ گۈللىنىپ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى. قاراخانىلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇكسەلدۈردى. تارىخىي ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، بۇندىن 1000 يىل ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز يىپەك قولياغلىق تۇتقان، يىپەك كىيىملەرنىڭ پۆكلىشىپ قالغان يەرلىرىنى سىلىغداش ئۈچۈن دەزمال ئىشلەتكەن، قىز - ئاياللار قىممەت باھا تاشلار ئېلىنغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش «بوغماق» (مىداليون) «باغىرداق» (لىپتەك) ئىشلەتكەن. مانا بۇلاردىن شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىستېتىك (گۈزەللىك قارىشىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان خىلمۇ - خىل سەنئەت ئويۇنلىرىنى ئىجات قىلدى. قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ھەر خىل ئويۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىغا قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسىدۇر. قەدىمقى ئويۇنلاردىن ياش - ئۆسمۈرلەر ئىچىدە ئومۇملاشقان «ئوتتۇش» ئويۇنى، «ئوردىكام» ئويۇنى، «چەۋگەن» ئويۇنى (ئاتلىق توپ ئويناش ئويۇنى)، «كولاپ» ئورەككە ياغاق تاشلاش ئويۇنى قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. يەنە خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئاتلىنىپ تارىختىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئەلنەغمە، مەشرەپلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

نەزمە ئويۇنى يىگىت بىلەن قىزنىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ رەخت ياكى (پۇل) چېچىلىدىغان كىچىك نەزمە بولۇپ، بۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «ماندۇرى» دەپ ئاتىلاتتى.

«سۈرچۈك» كېچىلىك ئولتۇرۇش زىياپىتى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر مەشرەپ نامى بىلەن ساقلانماقتا. «ئوغۇزنامە» دە قەدىمقى زاماندىكى مۇنداق بىر توي مۇراسىمى تىلغا ئېلىنغان: بىر كۈنى ئوغۇزخان ئەل - جامائەتنى يىغىپ، ئۇلارغا «ئۇلۇغ توي» قىلىپ بەرگەن. بۇ مۇراسىم شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، تويدا ھەممە ئېسىل نازۇ - نېمەتلەر تەييارلانغان، كىشىلەر ھاراق - شاراپ ئىچىپ «ئۇلۇغ توي» نى قۇتلۇقلاشقان. ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە، يىغىلغانلارنىڭ سانى نەچچە تۈمەنگە يېتەتتى، مال سۇيۇلاتتى، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلەتتى، كىشىلەر ئەتراپنى سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسۇل ئوينايتتى.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا بۇ ھەقتە نۇرغۇن مىساللار بار. مەسىلەن، بەزمە ھەققىدە ئېيتىلغان قوشاق - بېيتلار:

ئوتتۇز (ئۈچ قېتىم ئۈچتىن) ئىچىپ قىقىرايلى،

يۇقۇرى قوپۇپ سەكرەيلى.

ئارسلاندەك ھوكۇرەيلى،

قايغۇ قاچتى سۆيۈنەيلى.

(ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى، ئارسلاندەك ھوكۇرەيلى، قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كەتكەنلىكىنى كۆرستەيلى.)②

ئۆرىق بېشى غاز (بويىنى) غا ئوخشاپ (تۇرماقتا)،

ساغەر تولۇپ كوزگە ئوخشاپ (تۇرماقتا)،

قۇيغۇنى چوڭقۇر كومۇۋېتىپ،

كېچە، كۈندۈز سۆيۈنەيلى.

(ئۆرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا، ساغەرلەر خۇددى كۆز چانىغىدەك مەيگە تولدى. قايغۇ - ھەسرەتنى چۆرىۋېتىپ، كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى.)③
«تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن قەدىمقى زاماندا ئەر - ئايال جەم بولۇپ ناخشا، ساز نەغمىلەر بىلەن خوشال - خورام ئۇسۇلغا چۈشۈپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بۇنداق مۇراسىم شەكلىنىڭ شۇ چاغدىن تارتىپلا ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە تارىم بوستانلىقىدىكى رايونلاردا، جەمىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ تەرەققىي قىلدى. شۇڭا بەزى يېقىنقى زامان ئالىملىرى مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە «قەشقەرىيە دەۋرى دەپ نام بېرىش كېرەك» دەپ ھىسابلىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەنتلەردە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر خىل تىپتىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى - مەدرىسىلەر قۇرۇلدى. ساتۇق (ئابدۇكېرىم) ئارسلان بۇغرا قاراخان دەۋرىدە قەشقەردە «ساچىيە»[4] («ساچ» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا سېچىش، يېيىش، ئىلىم - پەننى كېڭەيتىش دىگەن مەنىدە) ئۆز دەۋرىدە يۇقۇرى ئوقۇش يۇرتى ھەمدە ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئۇچىغى ئىدى. ساچىيە مەدرىسىدە ئىسلام پەلسەپەسى، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، مىدىتسىنا، روسۇمات جەڭ (ئۇرۇش ئىلمى) قاتارلىق تەبىي ۋە ئىجتىمائى پەنلەردىن دەرس بېرىلەتتى. شۇ دەۋردە كۆپلىگەن بىلىمگە ئىگە بولغان ئۆلىمالار، ئەدىپ - شائىرلار، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، ئوتاچى (تىۋىپ) قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر مۇشۇ مەدرىستە يېتىشىپ چىققان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەفە قەشقەرىدەك ئالىملار، ئابدۇجاپپاردەك تارىخشۇناسلار، ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقەرى مۇشۇ مەدرىسىدە يېتىشىپ چىقتى.

قاراخانىلار دەۋرىدە بىر مۇنچە ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈرك مەدەنىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن كىتاپلارنى يازدى ۋە ھەر خىل تىلدىكى قىممەتلىك كىتاپلارنى تەرجىمە قىلدى. بىراق، بۇ ئەسەرلەردىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، بىزگە تېخى نامەلۇم بولغان يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىغا شۈبھىلەنمەيمىز، ئەلۋەتتە. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى يۈكسەك مەدەنىيەتنى نامايەن قىلىدىغان تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى.

بىز قاراخانىلار دەۋرىدە كامالەتكە يەتكەن ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا تولۇق خەۋەردار بولمىساقمۇ، ئەمما قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەردە، بالاساغۇندا يېتىشىپ چىققان ئالىملارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئەسەرلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

(1) ئۇيغۇر تارىخشۇناسى ئەبۇلفۇتۇھ ئادۇغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى (مىلادىنىڭ 1098 - يىلى ۋاپات بولغان). ئۇ «قەشقەر تارىخى» ناملىق چوڭ ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» دىن باشقا يەنە «مۇجەمە ئۇششۇرخ» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى شەمئانى ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئەپسۇسكى بۇ ئىككى ئەسەر قولىمىزدا يوق.

(2) جامال قارشى (ئەسلى ئىسمى ئەبۇل فەزلى ئىبنى مۇھەممەت). ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق بولۇپ، ئۆزى ئالمىلىقتا (ئىلىدا) توغۇلغان، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. جامال قارشى ھىجرىيىنىڭ 681 - يىلى، مىلادىنىڭ 1282 - يىلى قەشقەردىكى ساچىيە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئەل جەۋھەرى[5] نىڭ «ئەسساھ فىللۇغەت» ناملىق 4 جىلدلىق كىتاۋىنى «سۇراھ» (ھەقىقى، تولۇق) نامىغا ئۆزگەرتىپ،

ئەرەپچىدىن پارىسچىغا تەرجىمە قىلدى. 14 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەپچە ئىلاۋە بىلەن «مولھىقاتۇس سۇراھ» دىگەن مەشھۇر لوغەتنى يېزىپ چىقتى.

جامال قارشىنىڭ «سۇراھ» قا يازغان ئىلاۋىسى قاراخانىلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىم، مەشھۇر شەخسلەر، دىنىي ئالىم ۋە شەيخلەرنىڭ تارىخىنى ھەمدە شۇ دەۋردىكى مەنىۋى ھاياتنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ئىلاۋىنىڭ قولىيازمىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا م. س. ئاندىرىۋ تەرىپىدىن تېپىلىپ، ۋ. ب. نەلفىكىن تەرىپىدىن ئاسىيا مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان، ھازىر شۇ يەردە ساقلانماقتا.

(3) مەشھۇر ھېكىم ئىمادۇددىن قەشقەرى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇن» (قانۇنلار شەرھىسى) ناملىق ئەسەر يازغان، بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئاتاقلىق پەيلاسوپ فارابىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. شۇنداقلا ئىبنى سىنا (980—1037 – يىللار) نىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى شەرققە تونۇشتۇرۇش ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەر بىلەن بېيىتىش ئارقىلىق تىببى ئىلمىغا چوڭ تۆھپە قوشقان.

(4) مۇھەممەت ئىبنى ئەلكاتىپ سەمەرقەنتى. ئۇ 12 – ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا سەلتەنەتلىك ھاكىمىيەت تۇپىسىدە تۇرغان تامغاچ قىلىچخان مەسئۇد ئىبنى ئېلى (مىلادى 1095 – يىلى ۋاپات بولغان) غا بېغىشلاپ «ئەغرازۇ سىياسى فى ئىلمىي سىياسى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر سالچۇقلار سولتانى سەنجار (مىلادى 1157 – يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ياشىغان دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەر نوقتىلىق بايان قىلىنغان. ئۇ ئەسەر ھېكايە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، سولتان سەنجار سالچۇقىغا ئائىت قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

(5) مەجىددىن مۇھەممەت ئىبنى ئەد نايىنى. ئۇ قاراخانىلار ئەۋلادى تامغاچ ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلاپ «تۈركىستان تارىخى» بىلەن «چىن تارىخى» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ «تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك خەلقى بىلەن تۈركىستاننىڭ ئومۇمى ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن. «چىن تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە چىن خانلىقلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ قارا خىتاي خانلىغى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

(6) ئوبۇل فەيزى مۇھەممەت ئىبنى ھۈسەيىن بەيھەقى (996—1039 – يىللار). ئۇ 30 تومدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان، بۇنىڭدىن سولتان مەسئۇد (مىلادى 1030 – يىلى) نىڭ ۋەقەلىرىگە ئائىت يېزىلغان 10 تومى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەردە قاراخانىلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئەڭ كۆپ ۋە توغرا مەلۇمات بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ئەسەر ھىساپلىنىدۇ.

(7) مۇھەممەت ئەلئەۋھى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 625 – يىلى ھىندىستاندا «جامىئۇل ھىكايەت» ناملىق ئەسەر يازغان. ئاپتور خارەزىم ۋە بۇخارادا تۇرغانلىغى ئۈچۈن، بۇ ئەسەردە قاراخانىلاردىن تامغاچ ئىبراھىم خان ھەققىدىكى ئىشلارنى ھىكايە شەكلى بىلەن بايان قىلغان. بۇ ئەسەر 5 باب بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى 5 – بابىدا جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارغا قوشۇپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۇنجى قېتىم تولۇق ئىلمىي مەلۇمات بەرگەن.

(8) ئەبۇ نەسر فارابى. فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسر مۇھەممەت ئىبنى ئۇزلۇق ئىبنى تارخان. ئۇ فاراب

شەھىرىدىن بولغاچقا، فارابى دەپ ئاتالغان. ئۇ فاراب شەھىرىدە تۈركى خەلقلەردىن بولغان مۇھەممەت ئىسملىك ھەربى كىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 950 – يىلى دەمەشقتە ۋاپات بولدى.

فاراب شەھرى بۇرۇن قەشقەر خانلىقىغا، كېيىن قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلغان چاغلاردا قاراخانىلار خانلىقىغا قارىدى. ئەبۇ نەسىر فارابى دەسلەپ فاراب شەھرىدە ئوقۇدى، كېيىن بالاساغۇن، قەشقەرلەردە بىلىمنى تولۇقلاپ، ئىسلام ئەللىرىگە ساياھەت قىلىپ، باغداد، ئىران، مىسىر، سۈرىيىگە بارغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى شۇ جايلاردا ئۆتكۈزدى، كېيىن باغدادقا كەلدى. بۇ جايدا ئۇ ئەرەبچىنى پىششىقلىدى، مۇشۇ جەرياندا، پەلسەپە، تارىخ، ئاسترونومىيە، قانۇن، تىبابەتچىلىك ۋە مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگەندى.

فارابى ئۆزىنىڭ كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە يازغان. شۇڭا فارابىغا باھا بېرىشتە ھەر خىل چۈشەنچىلەر مەيدانغا چىققان ئىدى. جۇرجى زەيدان فارابىنىڭ قەبرىسى شام (سۈرىيە) دا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەرەب دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، مەملىكىتىمىزدە چىققان «سىخەي» (سۆزلەر قامۇسى) دىمۇ فارابىنى ئەرەب دەپ تونۇشتۇرغان. يېقىنقى زامان تارىخچىلىرى ئىچىدىمۇ فارابىنىڭ زور كۆپچىلىك ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە يېزىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئەرەب دىگۈچىلەر ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ھەممىگە ئايانكى، شۇ زاماندا ئەدەبى تىل غەربتە لاتىنچە بولسا، شەرقتە ئەرەبچە ۋە پارىسچە ئىدى، فارابىنىمۇ ئەرەبچە ياكى پارىسچە ئەسەر يازغانلىقىغا قاراپلا ئەرەب دىگىلى بولمايدۇ. فارابى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا ئىلىم – پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەلسەپە، مەنتىقە، تىببى ئىلىم، تىلشۇناسلىق، مۇزىكىغا ئوخشاش ھەر خىل ساھەلەردە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ ئەرەب تىلىدا 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نېمىسچە، فرانسۇزچە، ئىران تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئاۋۋال غەرب، كېيىنچە شەرقتە جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر قاتارىدا تونۇلدى.

ئۇ پەلسەپە جەھەتتە «ئىھسائول ئولۇم» (بىلىملەر بايانى) ناملىق داڭلىق ئەسەرنى يېزىپ، ئىلىم دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە سىنىپلارغا بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن ئەينى دەۋردە نۇرغۇن ئالىملار ۋە كىتاپخانىلارنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

فارابىنىڭ يەنە «ۋەتتە ئىرىپ بىئەغزايىھا» (پارچە بۆلەكلەرنى تۇنۇشتۇرۇش) ناملىق مەشھۇر پەلسەپە ئەسىرى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ئىراق، شام، مىسىردىكى پەيلاسوپلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئارىستۇتىلنىڭ مەنتىقە ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا يازغان لېكسىيە دەپتىرى 70 كە يەتكەنلىكىنى تارىخىي مەنبەلەر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

فارابى ھەمدانىلەر ئەمرى سەيفۇل دەۋلە ھوزۇرىغا تۈركچە كىيىم بىلەن كەلگەنلىكى تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق. ئۇ شۆھرەتلىك ئالىم بولغاچقا، سەيفۇل دەۋلە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىگە شەرت – شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى مۇئاش بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغاندا، فارابى كۈندىلىك خىراجەتلىرى ئۈچۈنلا كېرەكلىك پۇللارنى ئېلىپ، باشقىنى ئالمىغان. ئەمىر سەيفۇل دەۋلە فارابىنى ئالاھىدە

ھۆرمەت قىلىپ، پۈتۈن ساياھەت سەپىرىدە فارابىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن.

فارابى ئاتاقلىق سەنئەتكار، ئاتاقلىق كومپوزىتور ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرى ئىدى. ئۇ مۇزىكىدا ھازىر تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان «مۇزىكا ھەققىدە چوڭ كىتاب» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، مۇزىكا ساھەسىگە نەزىرىيە جەھەتتىن ئاساس سېلىش بىلەن مۇزىكا ئىلمىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى 12 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن مۇزىكا تارىخى، مۇزىكىنىڭ ئەھمىيىتى، مۇزىكا نەزىرىيىسى، پىراكتىكىسى، ئەسۋابلىرى، مۇزىكىنى ئورۇنلاش چېۋەرلىكى، تۈزۈلۈشى (كومپوزىتسىيىسى) ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى شەرق بىلەن غەربكە كەڭ تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

فارابى مۇزىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، ئۇ مۇزىكا ساھەسىدە ئۇيغۇر سازلىرىدىن قالۇن، تەمبۇر قاتارلىق بىر قانچە ئەسۋاپلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ مۇزىكا ئىلمىدە ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگە جەلپ قىلالايدىغان ناھايىتى يۇقۇرى ماھارەت ۋە ئۇستۇنلۈككە ئىگە ئىدى.

فارابى داڭلىق شائىر بولۇپ، تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ پەلسەپۋى سۇئاللارنىڭ كۆپ قىسمىغا شېئىر ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە يېگىچە ئىزدىنىش ۋە يېگىچە مۇلاھىزىلىرى ئالىملارنى دائىم ئالغا يېتەكلەيدىغان ئۇستازلىق رولىنى ئوينىغان. مانا مۇشۇ خىل ئۇقۇمنى فارابى بىر كۇپلىت شېئىر ئارقىلىق مۇنداق دەپ يەكۈنلىگەن:

يايرايدۇ گۈللەر كەبى ئەلەم سىرى،

يالت – يۇلت قىلار زۇمرەتتەك چاقنار نۇرى،

دانالار قىلىسمۇ گەرچە قانچە بىشارەت،

تاپمىدى ئاچقۇچنى ھېلھەم بىرى.⑥

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى سىياسى، ئەدەبىيات، تىل، پەلسەپە، قانۇن، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، دىخانچىلىق، ھەربى ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردىكى تۆرلۈك كۆز قاراشلىرى شەرھلەنگەن «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئىككى ئەسەرنى نوقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

## 2- بۆلۈم «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا

«قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىنى چۈشىنىشتە بىرىنچى قول ماتىرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قوشقان شانلىق تۆھپىسىنى چۈشىنىشتىمۇ ئەڭ ئوبدان تارىخي

ھۆججەتتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى. قاراخانىلار دەۋرىدە دۆلەت تۈزۈلمىسىدە، جەمىيەتنىڭ ھەر قايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ جەمىيەتنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەخلاق، قائىدە، ئىنتىزام، قانۇن، پىرىنسىپلارنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش، قاراخانىلار جەمىيىتىنىڭ ئىچكى ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىزاھلاپ بېرىش شۇ دەۋرنىڭ جىددىي تەلىۋى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار جەمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ۋە تەربىيە قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىگەللەپ چىققان مەسىلىلەرنى ئىلمىي قاراش بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ چىققى؛ ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسى، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ئۇلارنىڭ شەرتلىرى قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا دائىر مەسىلىلەرنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى كۆز قاراش بىلەن يورۇتۇپ بەردى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، قەدىمقى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىنى ئۆز ئەسىرىگە سىڭدۈرۈپ، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتور بۇ ئەسىرىدە يەنە قەدىمقى ئەسەرلەردىن قالغان تارىخىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇلارنى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلار بىلەن بېيىتىپ، قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۈيۈك مەدەنىيەت بولمىغاندا، ھازىرقى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ بولغايدىغانلىغىنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك» قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۆز ئىسمىنى پەقەت بىرلا قېتىم (6627 ـ بەت) تە تىلغا ئالدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا، «قۇتادغۇ بىلىك» نى كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىدىدە قوشۇمچە قىلىنغان نەزمى ۋە نەسرى مۇقەددىمىلەردە بېرىلگەن مەلۇماتلاردىن باشقا، مەلۇمات بېرىدىغان ئېنىق بىر مەنبە يوق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسەردە مۇنداق دەيدۇ:

تەگۈردى ماڭا ئەلىگ ئەلگە ياشىم،

قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم.

ئوقۇر ئەمدى ئالتمىش ماڭا كەل تەيۇ،

يۇسۇغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ.

(ماڭا تەككۈزۈپ قولىن ئەلىك يېشىم،

قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىم.

مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش ئەمدى دەيدۇ كەل،

بارۇرمەن ئەگەر دە يەتمىسە ئەجەل.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇشۇ بېيىتلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقان چاغلاردا دەل ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

يىل ئاتمىش ئەردى تورت يۈز بىلە،

تۈكەل ئون سەككىز ئايدا ئايدىم بۇ سۆز.

دېگەن مىسرالارغا قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كىتاپنى ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادى 1069 - يىللار) جەمى 18 ئايدا يېزىپ تۈگەتكەن. ئەمدى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغاندا، بېيىتتا ئۆزىنىڭ 50 ياشلاردا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1019—1020 - يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئاپتۇر بۇ ئەسەرنى بالاساغۇندا يېزىشقا باشلاپ قەشقەردە تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان.

تاۋغاچ سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخان ئاپتۇرنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈگىنى ماختاپ، كىتاپنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ»⑦ لىق ئۇنۋانى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپتۇرنىڭ ئىسمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتالغان. مۇشۇ ئىلمىي ئۇنۋان بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانلار ھاكىمىيىتىگە تەسىر ئۆتكۈزىدىغان ئەربابقا ئايلاندى. قاراخانلار مۇشۇ دەۋردە ئۆز سىياسىتىنى ياخشىلاش، قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىش، مالىيە، ئىقتىسات ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سودا، قاتناش، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانلار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق شائىرى، پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى ئىدى. ئۇ بارلىق تۈركى تىل دىيالېكتلىرىنى ئېنىق بىلگەندىن تاشقىرى ئەرەپ، پارس تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېتىلگەن ئىنسكلوپېدىكى دېيىشكە بولاتتى.

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىغى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىغانلىقتىن، تولۇق تەرجىمھالىنى رەتلەپ چىقىش قىيىن. لېكىن ئاپتۇر ئۆز ئەسىرىنىڭ قوشۇمچە قىلىنغان قىسمىدا ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ، قېرىپ قالغانلىغىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن بايان قىلىدۇ:

تاتىغ ئەردى بارچە يىگىتلىك ئىشىم،

ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم.

(يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم،

ئۇغا قىلدى ماڭا يەر ئېشىم)

قايىڭ تەگ بودىم ئەردى ئوق تەگ كونى تۈز،

ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم تۈگىتتىم.

(قېيىندەك بويۇم ئوقتەك ئىدى تۈز،

يايدەك ئەگرى بولدى، پۈكۈلدۇم ئېگىلىپ.)

بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خېلىلا ئۇزۇن يىل ياشىغانلىغىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

ئەسەرنىڭ نامى ۋە بىر قانچە نۇسخىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نامى ھەققىدە بۇ ئەسەرنىڭ 351 - بېيىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

كىتاپ ئاتى ئوردۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاد سۇ ئوقىغىلىقا تۇتسۇ ئەلىگ.

(كىتاپقا «قۇتادغۇ بىلىگ» دەپ ئات قويدۇم، ئوقۇغان كىشىنى قۇتلۇق قىلسۇن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتسۇن.)
ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىگ» ياكى «قۇتادغۇ بىلىك» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەر خىل ئىزاھلاپ كەلدى. قەدىمقى تۈركچە «قۇت» سۆزى «قۇتلۇق»، «مۇبارەك»، «مۇقەددەس»، «بەخت» مەنىسىدە، «بىلىك» ياكى «بىلىگ» بىلىم دىمەكتۇر. دۇنيا ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا «قۇت» سۆزىنى «بەخت - سائادەت» مەنىسىدە چۈشىنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» دىگەن سۆزنى «بەخت - سائادەت بىلىمى» دىسە،

بەزىلەر «بەختلىك قىلغۇچى بىلىم»، «پادىشاھلارغا لايىق بىلىم» دەپ ئىزاھلاشتى. رەشت رەھمىتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىك» نى «ئادەمگە ھەر ئىككى دۇنيادا بەخت – سائادەتلىك (قۇتلۇق) بولۇش يولىنى كۆرسەتكۈچى بىلىم» دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى مۇلاھىزە ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە قاراپ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» بەخت – سائادەتكە ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىش مەقسىدىدە يېزىلغان. ھەقىقى مەنىسى بىلەن ئېيتقىنىمىزدا، بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن دۆلەتنى ئەخلاق، قانۇن، ئىلىم، ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىش دەستۇرى، قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنىڭ پۈروگىراممىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن مەسنەۋى شەكلى ۋە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمى 6645 بېيت، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان، 85 بابقا بۆلۈنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسى تېخىچە دۇنيادا تېپىلمىدى. قۇتادغۇ بىلىكنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى ئەسەر يېزىلغان ۋاقىتتىن بىر قانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن، بۇلار ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

(ئا) ۋېنا نۇسخىسى. بۇ نۇسخا مىلادىنىڭ 439 – يىلى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھىرات شەھىرىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، 1474 – يىلى ئىستامبۇلغا كەلتۈرۈلگەن؛ 1796 – يىلى ئاۋستىرىيىلىك ھامىر پورۇگىستال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ، ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان، ھازىرغىچە شۇ يەردە ساقلانماقتا. 19 – ئەسىردە ۋېنگرىيىلىك شەرقشۇناس ئا. ۋامبىرى ۋە رۇس ئالىملىرىدىن ۋ. رادلوۋلار بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم ترانسكرىپسىيىسى ۋە بىر قىسىم تەرجىمىسى بىلەن دۇنياغا ئېلان قىلغان.

(ب) قاھىرە نۇسخىسى. بۇ نۇسخا ئەرەپ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، جەمى 8500 بېيت، بۇ نۇسخىنى قاھىرە خىدىۋلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ نېمىس مۇدىرى دوكتۇر مورىتز 1896 – يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلدى. كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىيە تىل جەمىيىتى بۇ نۇسخىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى تۈركىيىگە ئېلىپ بېرىپ، 1943 – يىلى نەشر قىلدى.

(ت) پەرغانە نۇسخىسى. بۇ نۇسخا 445 بەت، 6095 بېيت بولۇپ، ئەرەپ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، 1914 – يىلى زەكى ۋەلىدى توغان پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىن تاپقان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن، دۇنيا ئالىملىرى ئىچىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇ دەۋرلەردە قەشقەر ۋە قەشقەر ئەتراپىنىڭ ئىسلام دۇناسى بىلەن بولغان زىچ باغلىنىشىغا، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا بۇ جايلاردا ئۆزىگە زېمىن ھازىرلىغانلىقىغا قاراپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراش تارىخىي رىياللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. قاراخانىلار قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە ئەرەپ يېزىقىنىمۇ باراۋەر قوللانغان. مەھمۇت قەشقەرى قەدىمدىن تارتىپ قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «قاراخانىلار تىلى ئەڭ ساپ تىل، قەدىمقى زاماندىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە

قەشقەردىن تارتىپ چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك شەھەرلىرىدىكى بارلىق خاقانلار، سولتانلارنىڭ كىتاپ، خەت – چەكلىرى مۆشۈ يېزىق بىلەن يېزىلغان. ئون بىرىنچى ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىغىچە ۋە 12 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرىغا ئائىت رەسمى ۋەسىقىلەر ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا ئائىت ھۆججەتلەر تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ، ئەرەپ يېزىقىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. رەشىت رەھمىتى ئارات: «تارىخىي پاكىتلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەبۇ ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلىنغان دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا» دېگەن. بۇ ۋەسىقە – ھۆججەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ دەۋردە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەر بولغىنىدەك، ئەرەپ يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەرەپچە ھۆججەتلەرنىڭمۇ بارلىقى، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە گۇۋاچىلارنىڭ ئىمزالىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى دۆلەت ئىشلىرىدا يۈرگۈزۈلىدىغان يېزىقلار ئىچىدە يەنىلا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى ئەرەپ يېزىقى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

تارىخىي مەنبەلەردە ئۇيغۇر يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن ئوردا ۋە ئىران تەۋەسىدىكى تۈرك خانلىقلىرىدا كېيىنكى چاغلارغا قەدەر قوللىنىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. دېمەك، پاكىتلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇغرا خانغا تەقدىم قىلىنغان ئەسلى نۇسخىسىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

«قۇتادغۇ بىلىك» خەلقئارا جامەئەتچىلىككە تونۇلغاندىن كېيىن، باشقىلار تەرىپىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» كە يېزىلغان بىر مۇقەددىمىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: چىن ۋە ماچىن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ تونۇغانكى، تۈركتە چىن ئەللىرىدىن ئىبارەت بارلىق شەرق ئەللىرىدە بۇغرا خان تىلى (خاقانىيە تىلىنى دېمەكچى) ۋە تۈركى سۆزلەر بىلەن ھېچكىم مۇنداق بىر پايدىلىق كىتاپنى يازمىغان. بۇ كىتاپنىڭ پايدىلىق بىر كىتاپ ئىكەنلىكىنى ھەر قايسى ئەللەردىكى ھېكىملەر، ئالىملار نامايەن قىلىشتا ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىدى. چىنلىقلار «ئەدىبىي مۈلۈك» (دۆلەتنىڭ ئەدەپ – قائىدىلىرى)؛ ماچىن پادىشاھلىغىنىڭ چوڭلىرى «ئەيىنە يول مەمالىك» (مەملىكەت ئەيىنىكى)؛ شەرق ئىلىنىڭ چوڭلىرى «زىنە تول ئەل ئومۇرا» ( ئەمىرلەر زىننىتى)؛ تورانلار «قۇتادغۇ بىلىك»، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» دەپ ئاتىدى.

بۈگۈندىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنيا ئەللىرىگە قانچىلىك چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى، ماتېرىياللىرىنىڭ مولluغى، ھەجمىنىڭ چوڭلۇغى، ئالىمنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، ياڭغۇزلا تارىخ كىتاۋى ئەمەس، يا رايون، شەھەرلەرنى تەسۋىرلەيدىغان جۇغراپىيىۋى كىتاپ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمقى ئىجتىمائى ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي –

پەزىلەتلىرىنى، بولۇپمۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن، ئەخلاق ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق بەدىئى شېئىر شەكلى بىلەن يۇرۇتۇپ بەرگۈچى يىگانە ئەسەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا

«قۇتادغۇ بىلىك» 82 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

1 –، 2 –، 3 – باپلاردا تەڭرىگە، مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ چاريارلىرىغا مەدھىيە ئوقۇلغان؛ 4 – باپتا بۇغرا خانغا مەدھىيە ئوقۇلغان؛ 5 – باپتا يەتتە سەييارە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرچ سۆزلىنىدۇ؛ 6 – باپتا ئادەمنىڭ ھۆرمتى، چۈشەنچىلىرى بىلىمدىن پەيدا بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ؛ 7 – باپتا تىلنىڭ ئارتۇقچىلىقى، پايدا – زىيىنى سۆزلىنىدۇ؛ 8 – باپتا كىتاپ ئىگىسى ئۆزىنىڭ سۆزىنى سۆزلەيدۇ؛ 9 – باپتا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە تەربىيە – نەسىھەتلەر سۆزلىنىدۇ؛ 10 – باپتا ئىلىم ۋە پاراسەت، پەزىلەتنىڭ پايدىسى سۆزلىنىدۇ؛ 11 – باپتا كىتاپنىڭ ئىسمى ۋە ئاپتۇرنىڭ قېرىغانلىقى سۆزلىنىدۇ؛ 12 – باپتا قىلىق – ھەركەتنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى سۆزلىنىدۇ؛ 13 – باپتىن 79 – باپقىچە ئەسەردىكى 4 ئاساسىي پېرسوناژ: كۈن تۇغدى (پادىشاھ)، ئاي تولدى (ۋەزىر)، ئۆگدۇرۇلمىش (ۋەزىر ئوغلى)، ئۇدغۇرمىش (ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى) قاتارلىق 4 پېرسوناژنىڭ سۆھبىتى سۆزلىنىدۇ؛ 80 – باپتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆتكەن ياشلىقىغا ئېچىنىپ قىلغان پۇشايمانلىرى سۆزلىنىدۇ؛ 81 – باپتا زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى سۆزلىنىدۇ؛ 82 – باپتا ئالىم ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۆزرە تىلەيدۇ؛ ئۇ ئەسىرىنىڭ توغرىلىق (ئادالەت)، سائادەت (بەخت)، ئەقىل، قانائەتتىن ئىبارەت تۆت ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئالىم بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تۈركچە ئىسىم قويغان؛ توغرىلىققا «كۈن تۇغدى» ئىسمىنى بېرىپ، ئۇنى پادىشاھ ئورنىغا قويغان؛ سائادەتكە «ئاي تولدى» ئىسمىنى بېرىپ، ئۇنى ۋەزىر ئورنىغا قويغان؛ ئەقىلغا «ئۆگدۇرۇلمىش» ئىسمىنى بېرىپ، ئۇنى ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويغان؛ قانائەتكە «ئۇدغۇرمىش» ئىسمىنى بېرىپ، ئۇنى ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى قىلىپ ئالغان. ئالىم دۆلەتنى تۈزەش ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا ئائىت سىياسەت، قانۇن، جەمىيەت، ئەخلاق، ئەقىل، قانائەت ھەققىدىكى پەلسەپىلىك كۆز قاراشلار ۋە تەشەببۇسلارنى تۆت شەخسنىڭ ئۆزئارا سوئال – جاۋاپ شەكلىدىكى سۆھبىتى ئارقىلىق ئوبرازلىق بايان قىلىپ، خەلق ھىمايە قىلىدىغان دۆلەتنىڭ قانداق بولۇش لازىملىقى، دۆلەتنى بىلىم، ئەقىل، پاراسەت ۋە ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرغاندا، ئۇنىڭ روناق تاپىدىغانلىقى، ھەممە ئىشتا بىلىم، ئەقىل، پاراسەت ۋە ئەخلاقنى يېتەكچى قىلىشنىڭ زورۇرلىكى، دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ئەخلاق – پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىنىڭ لازىملىقى، خەلقنىڭ دۆلەتكە ۋە دۆلەت ئەرباپلىرىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى، دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ خەلققە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىنىڭ لازىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

مەسىلەن:

1459 – بېيت: ئەسىز ئۇقدى ئورما ئاي ئىلچى بوگۇ،

ئەسسىز بولسا بولماز ئاۋۇنۇغ يىگۈ.

(ئەي مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھاكىم! يامان تەرتىپ ئورناتما، يامان قانۇن بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى بولمايدۇ.)

1411 – بېيت: ئاي ئەلىگ قاتىغلان ئۈزۈلۈ ئەدگۈ بول،

بەگى ئەدگۈ بولسا، بۇدۇن ئەدگۈ ئول.

ئەي ھۆكۈمدار، ئۆزەڭ ياخشى بولۇشقا تىرىشقىن، بېگى ياخشى بولغان ئەلنىڭ خەلقىمۇ ياخشى بولىدۇ.)

1458 – بېيت: تورۇ ئەدگۈ ئۆر ئاي تورۇ بەرگۈچى،

تورۇ ئولدى ئىسسىز تورۇ ئۇرغۇچى.

(ئەي قانۇن تۈزگۈچى، ياخشى قانۇن تۈز، يامان قانۇن تۈزگەن ئادەم تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولىدۇ.)

1367 – بېيت: بەلا كۈچ يىپرىندە سەن ئەدگۈ قىلىن،

بۇدۇنۇغ سەۋىندۇرگىل ئەلگىن، تىلىن.

(سەن خەلقنى بالا – قازادىن ساقلا، ياخشىلىق قىل، قولۇڭ، تىلىڭ بىلەن ئۇلارنى خوش قىل.)

2969 – بېيت: نەچە بەگ ئۇلۇغ بولسا ئەسلى بەدۇك،

تاپۇغچى بىلە بولدى ئاتى بەدۇك.

(بەگنىڭ ئەسلى قانچىلىك ئېسىل، ئۆزى قانچىلىك ئۇلۇغ بولسۇن، ئۇنىڭ نامى خىزمەتكارلىرى بىلەنلا مەشھۇردۇر.)

1435 – بېيت: ئۈزۈڭ مەڭگۈ بەگلىك تىلەسە تۈجى،

تورۇ قىل بۇرۇندىن كۆتۈرگىل كۈچى.

(ئەگەر داۋاملىق ۋە ئەبەدى بەگلىكنى خالىساڭ، ئادالەتتىن ئايرىلما، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ئېلىپ تاشلا.)
يۈسۈپ خاس هاجىپ دۆلەتنى تۈزەشتە دۆلەتنى ئىلىم - ئەقىل بىلەن باشقۇرۇش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئۆگىنىش لازىملىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

6608 - بېيىت: بىلىرمەن تەسەسەن بىلىگدىن يىراق،

بىلىگسىزگە ساندىنك بىلگلى ئارا.

(«بىلىمەن» دىمە، سەن تېخى بىلىمدىن يىراق،

بىلىملىكلەر ئارىسىدا سەن بىلىمسىزلەردىن بىرى.)

6605 - بېيىت: بىلىگ بىل ئۆزۈڭكە ئورۇن قىل تورە،

بىلىگ بىلسە ئۆزكە ئەدى بەرگ تۆرا.

(بىلىم ئال، ئورنۇڭ تۆردە بولىدۇ، بىلىم ئادەم ئۈچۈن مۇستەهكەم بىر قالقاندۇر.)
يۈسۈپ خاس هاجىپ يەنە ئاسترونومىيە بىلەن ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يۇلتۇزچىلارنىڭ دىلى ئاي، كۈنلەرنىڭ هىساۋىنى بىلىدۇ. ئەي ئىنسان! مۇنداق هىساپ بەك لازىمدۇر. بۇنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ، گىئومېترىيە ئوقۇ، ئاندىن ساڭا هىساپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە هەممە كەسىرلەرنى تولۇق ئۆگەنگىن ..... يەتتە قات ئاسمانىنىڭ سىرلىرىنى يەردە ياتقان غازاڭدەك پىششىق بىل، ئالگېبرا ئۆگەن.» يۈسۈپ خاس هاجىپ «بۇ دۇنيا هېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، بەخت پەقەت جەننەتتىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ» دىگەن كۆز قاراشلارغا ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ، «ئادەملەر ئارىسىغا بېرىش لازىم»، «قولغا كەلگەن ۋاقىتنى زادىلا بىكارغا ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ»، «ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىن ئالىدىغان مەنپەئەتى ئەنە شۇ»، «جاپا بولماي، هالاۋەت بولۇش مۇمكىن ئەمەس»، «ئادەملەر ئۈچۈن تاماق، كىيىم لازىم، بۇ هاياتلىقنىڭ زورۇرىيىتى»، «قالغان ئۆمرۈڭنى ئەمدى بىكارغا ئۆتكۈزمە»، «سەۋر قىلساڭ، جاپا سەن ئۈچۈن نېمەتلىك بولىدۇ»، «ياخشىلىق تىلەشتىن ياخشىلىق قىلغان ئەۋزەل» دەپ، كىشىلەرنى قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا، بەخت يارىتىشقا ئۈندەيدۇ ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا مۇهەببەت باغلاشقا چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەينى دەۋردىكى جەمىيەت تەرەققىياتىدا دىخانلار، چارۋىچىلارنىڭ جەمىيەتنىڭ بايلىقىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇلارسىز (دىخاننى دىمەكچى) ئىش پۈتمەس. ئۇلارغا كۆيۈمچان بول، ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ئىش قىلما» دەيدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ بۇ نوقتىنى شۇ دەۋردىلا تونۇپ يەتكەن.
ئاپتۇر تىجارەت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سودا - تىجارەت ئەهلى بىلەن ئارىلاش، ئۇلارغا

ئوچۇق چىراي بىلەن ياخشى سۆز قىلغىن. سودىگەر تىجارەت قىلىپ غەرپ ۋە شەرقنى ئايلىنىپ، سېنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسەڭنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ بولمىسا، شىمالىي ياۋروپا توقۇلمىلىرى قانداق كېلەتتى. سودىگەرلەر دۇنيانى ئايلانمىغان بولسا، ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى كىم كۆرەتتى. شۇڭلاشقا سودىگەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل.» تىۋىپلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئەزىز كۆر، ھېكىملەر پۈتۈن كىسەللىكلەرنى داۋالايدۇ. داۋالاش ۋاستىسى بىلەن كېسەللىك ساقىيدۇ. ھېكىملەر كېسەلنى كۆرۈپ ئىلاج قىلىدۇ.» ئالىملار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار خەلققە يول كۆرسىتىدۇ، بۇلاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىم ئۆگەن. ئالىملارنىڭ بىلىمى خەلق ئۈچۈن.»
شائىرلار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شائىرلار قىلىچتىن كەسكىن بولىدۇ. ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش كېرەك»، «ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى سىنچىلاپ كۆزەتسەڭ، ئۇلار دېڭىزغا چۆمگەن كىشىلەرگە ئوخشاش گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت چىقىرىدۇ».
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت تەشكىلاتىدىكى خادىملار (تاپۇغۇچى) دا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر توغرىسىدا سۆزلەپ: «بۇنداق خادىملار ئىناۋەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى، سەممى بولۇشى، ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك. ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرىدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدىغان ئادەملەرنى ھەرگىز ئۆزەڭگە يېقىن يولاتما» دەپ يامان ئىستىللارنى قاتتىق سۆككەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەگ ئۈستىدە توختىلىپ: «بەگ دۆلەتنىڭ باش ۋەكىلى، بەگنىڭ قانداق بولۇشى دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. بەگ بەگلىك ئىشلىرىنى قىلىپ ئۆگىنىدۇ. بەگ تىز پۈكمەس ئالىپ (قەھرىمان)، جەسۇر، قابىل بولۇشى كېرەك. بەگدە مۇشۇ خىسلەتلەر بولسا، ئاندىن خەلق ئىشنى ياخشى ئىدارە قىلالايدۇ»، «ياخشى پادىچى ئۆز قويلىرىنى بۆرىدىن ئاسرايدۇ، ياخشى خىسلەتلىك بەگمۇ خەلقنى ئاپەتتىن ساقلىشى لازىم. خان باغۇ - بوستانلارنى سۇغارغۇچىغا، خەلق گۈلگە ئوخشايدۇ. گۈل سۇغا قېنىپ باراقسان ئېچىلسۇن» دەيدۇ. ئەمەلدار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تاپۇغۇچى - ئەمەلدارلارنىڭ بېشىدۇر، ئاندىن قالسا سۇ بېشى (ھەربىي قوماندان) دۈشمەننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتمەسلىكى، تىز پۈتمەسلىكى، بېشىدىن قەھرىمانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى، كۈچلۈك، قەتئى، شەخسىيەتسىز، دادىل، باتۇر، تەمكىن بولۇشى لازىم. ئۆزىگە پەقەت بىر ئات، كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراق قالدۇرۇشى لازىمكى، ئوغلۇم، قىزىم، خوتۇنۇم دەپ مال توپلىماسلىقى، سۆيۈم، بېغىم دەپ ئالتۇن - كۆمۈش توپلىماسلىقى كېرەك.

كۆر، ئارسلان بولۇ بەرىسە ئىتقا باشى،

ئىت بارچە ئارسلان بولۇر ئۆز تۇسى.

قالى بولسا ئارسلانغا ئىت باشى،

ئول ئارسلان بولۇر بارچە ئىت ساقشى.»

(قاراڭلاركى، بىر ئارسلان، ئىتقا باش بولسا، ھەممە ئىتلار ئارسلاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىت بىر ئارسلانغا باش بولسا، ھەممە ئارسلان ئىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.)
شائىر يەنە، قوشۇننى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭغا لايىق بايلىق ئاجرىتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلنى بېيىتىش، جەڭدە ئەسكەرگە چۈشكەنلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۆلەرنىڭ باللىرى بولسا تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. دۆلەتنى باشقۇرۇشتا: «ئۈچ نەرسە يەنى ئوڭ قولىدا قىلىچ، سول قولىدا مۇكاپات بېرىلىدىغان نىمەت بولۇش، ئاغزىدا تاتلىق سۆز بولۇش كېرەك» دىگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.
يىغىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار جەمىيىتىدىكى ھەر قايسى سىنىپ ۋە ھەر قايسى تەبىقىلەر ھەققىدە بىر - بىرلەپ توختىلىدۇ. دۆلەت ئىدارىلىرىدىكى خادىملار ئۈستىدە يۈرگۈزگەن مۇھاكىمىسىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ساڭا بەگلىك نىسىپ بولسا، بىلىمىڭ بىلەن ئىدارە قىل،

يابغۇ - تېگىن بولساڭ، قولۇڭدىن كەلگەنگە قەدەر ۋاپادار بول،

ئارمىيە قوماندانلىقىغا نىسىپ بولساڭ، دۈشمەننى بىل ، ھوشيار تۇر،

ساڭا ۋەزىرلىك نىسىپ بولسا، ئادىل بول، ناھەق ھۆكۈم چىقارما،

ئۆكتەملىك ئورنىغا ئېرىشسەڭ، ھۆكۈمدار خاتالاشقان بولسا يول كۆرسەت،

ھاجىپ بولساڭ، پارە ئالما، قۇل، يىتىملەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلا،

ھۆكۈمدارلار كاتىۋى بولساڭ، سىر ساقلاشنى بىل.»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۈركى خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇھاكىملىرى ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىگە كۆتىرىدۇ. بۇ قاراخانىلار جەمىيىتى ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ۋە مەدىنى ھاياتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى نامايەن قىلغان بۇنداق بىر نادىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىخارىدۇر!

## 2- بۆلۈم «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا

11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋر قاراخانىلار مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە خاقانىيە تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇڭا بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچىلىغان ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئىچىدە ھەر جەھەتتىن ئەڭ قىممەتلىك يەنە بىر ئەسەر «تۈركى تىللار دىۋانى» دۇر. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەسەردە ئەرەپلەرنىڭ

تۈركى تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، سۆز - ئىبارىلەرگە ئەرەپ تىلى بىلەن ئىزاھات بەرگەن. «تۈركى تىللار دىۋانى» (تۈۋەندە «دىۋان» دەپ ئالدۇق) دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت دەپ ھىساپلانغان «كاشغەرى لۇغىتى» دىنمۇ كۆپ ئىلگىرى تۈزۈلدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمقى يادىكارلىقلار ئىچىدە بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرسى ھىساپلىنىدۇ.

ئىلىم دۇنياسى «دىۋان» نى تىلشۇناسلىقتا تەڭداشسىز ئەسەر دەپ ھىساپلىماقتا. «دىۋان» مۇندىن 1000 يىل ئىلگىرى تۈزۈلگەن تۈركى تىللىرى قامۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا ئالاقىدار ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنى چوڭ ئىنسىكلوپېدىيە دىيىشكە بولىدۇ.

«دىۋان» دا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركى تىللارنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرى، گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ھەر بىر جاينىڭ دىئالېكتىكىلىق پەرقلىرى ۋە ئۇلارنى ئىپادىلەشتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ جانلىق ئۆرنەكلىرى بايان قىلىنغان. «دىۋان» دا كەلتۈرۈلگەن ئۆرنەكلەر، جۈملە، ماقال، تەمسىل، بېيىت، شېئىر، پارچە، داستانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئارقىلىق قەدىمقى دەۋردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى تىللىرىنىڭ تىل تۈزۈلۈشى، قەدىمقى تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، قەبىلىلەرنىڭ ئىسمى ۋە جايلاشقان يەر ناملىرى، ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش جەريانلىرى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي جابدۇقلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق ئېتنوگرافىيىلىك قىممەتلىك مەنبەلەر قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار جەمىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيالدۇر.

مەھمۇت قەشقەرى توغرىسىدا

«تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر ئالىمى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە قولىمىزدا ماتېرىيال كەم. ئەمما، «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمىنى «مۇھەممەت ئوغلى ھۈسەيىن ئىبنى مەھمۇت قەشقەرى» دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى مەھمۇت، دادىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

مەھمۇت قەشقەرىمەھمۇت قەشقەرى قەشقەرنىڭ ئەينى زاماندىكى يېزىلىرىدىن ئوپالنىڭ ئازىق كەنتىدە توغۇلغان، قەشقەردە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قاچان توغۇلغانلىقى ۋە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدە «دىۋان» دا بايان قىلىنغان قاراخانىلار خانلىغىنىڭ خانلىق شەجەرىسىدىكى مەنبەلەرگە قاراپ شۇنداق دىيىشكە بولىدۇكى، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم، يەنە بىر ئوغلى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇكېرىم، سۇلايماننىڭ ئوغلى ھارۇن (ئەلى ھەسەن) ئىبنى سۇلايمان ھىجرىيىنىڭ 302 - يىلى، مىلادىنىڭ 992 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان بۇ مەزگىلدە، ھېچ بولمىغاندا، 20 ياشلاردا بولۇشى كېرەك. يۈسۈپ قادىرخان خېلى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەن بىر ئادەم بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 423 - يىلى، مىلادىنىڭ 1032 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنى 60 ياشلاردا ۋاپات بولغان دەپ ھىساپلىساق، ئۇ،

ھېچ بولمىغاندا، مىلادىنىڭ 971—981 - يىللىرىدا تۇغۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئۆزۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن خوتەننى ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ قەشقەردە «ناسىر دەۋلە قادىرخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن، ھېچ بولمىغاندا، ھىجرىيىنىڭ 396 - يىلى، مىلادىنىڭ 1005—1006 - يىللىرىدىن باشلاپ ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ. چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ يەركەندىمۇ تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 407 - يىلى، مىلادىنىڭ 1016—1017 - يىللىرىدىن باشلاپ ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ بەك كىچىك ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەھمۇت ئىبنى يۈسۈپ ھىجرىيىنىڭ 449 - يىلى، مىلادىنىڭ 1057—1058 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپنى ھىجرىيىنىڭ 327 - يىلى، مىلادىنىڭ 991—992 - يىللىرىدا تۇغۇلغان دەپ قىياس قىلساق، ھۈسەيىن ھىجرىيىنىڭ 400 - يىلى، مىلادىنىڭ 1010—1011 - يىللىرىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مەھمۇت ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان يىلى تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 442 - يىلى، مىلادىنىڭ 1028—1029 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايانكى، مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەسەرنى يازغان مەزگىلدە تەخمىنەن 40 ياكى 50 ياشلاردا بولغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلارنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردىكى «ساچىيە» كۇتۇپخانىسىدا، سەمەرقەنت ۋە بالاساغۇنلاردا، كېيىنكى چاغلاردا باغداتتىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىلاردا ئەرەپ، پارس ۋە تۈركى تىللاردىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان ۋە چوڭقۇر بىلىم ئالغان.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىشتىن ئاۋۋال ئىلى ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەريا، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئوغۇز، تۈركمەن، ياغما، چىگىل، قارلۇق، قىپچاق، باسمىل، چومۇل، تۈركەش، ياباقۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تىل پەرقلىرى ئۈستىدە جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرنى مەيدانغا چىقاردى. ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم»[1]

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىشتا ۋە تەتقىق قىلىشتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر خىل ئىلمىي ئۇسۇلدا تۈزۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا «ئەبەدىي يادىكار» قىلىپ قالدۇرغان. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» دىن باشقا يەنە «تۈركى تىللىرىنىڭ نەۋھىگە ئائىت جەۋھەرلەر» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىمۇ يازغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇ ئەسەر بىزنىڭ قولىمىزدا يوق.

«دىۋان» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىش ئۈستىدە توختىلىپ «بۇ كىتاپنى ھىجرىيە 464 - يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشىپ، 4 قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇبدان تەھرىرلەپ چىققاندىن كېيىن، 466 - يىلى ھىجرىيىدە تاماملىدىم» دەيدۇ. ئاپتورنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن قارىغاندا، «دىۋان» نىڭ 1 - نۇسخىسى ھىجرىيىنىڭ 464—466 - يىللىرى (مىلادى 1072—1074 - يىللار) دا يېزىلغان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 467 - يىلى (مىلادى 1075 - يىلى) دا قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، پۇختا تەھرىرلىگەندىن كېيىن، باغداتتىكى ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 - خەلىپىسى بولغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاغا تەقدىم قىلىنغان.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا بېرىشى توغرىسىدا

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا بېرىشىدىكى سەۋەپ توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. پىرىتساك: «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا نىمە سەۋەپ بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلىكى پەقەت ئاشكارىلانمىغان، تۈرك ئەللىرىدە ئېلىپ بارغان ئۇزۇن ساياھەتلەرىنىڭ سەۋەپلىرى سۆزلەنمىگەن. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا بېرىشتىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر تولۇق ئېچىلمىغان» دەپ قارايدۇ.

سالجۇقىلار دەۋرىدە باغدات ئەرەپلەر بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ۋە بىرەر مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئارزۇسىدا بولغانلارنىڭ باغدات ۋە مىسىرغا كۆچۈپ بارغىنىدەك، ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭمۇ مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە بېرىشى تەبىي ھال ئىدى. شۇ دەۋرلەردە باغداتتىن باشقا بۇخارا، قاھىرە ۋە شام قاتارلىق بىر مۇنچە شەھەرلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باغداتتەك ئەھمىيەتلىك ئەمەس ئىدى.

باغداتقا توپلانغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرەپ دۇنياسىغا نىسبەتەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، پۈتۈن سىياسىي، ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرى باغداتقا بارغان ۋاقىت سالجۇقىلار سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ تەختتىكى ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى تۈركان خاتۇن قاراخانىلار خانى تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ قىزى ئىدى. بۇ خاتۇن رەسمى سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارغا كۆپىنچە تۈركلەردىن ۋالى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەيتتى. بۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەپ تۈپەيلىدىن، تۈركىي خەلقلەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش نىيىتىدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ۋە ئەرەپ تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۈچۈن، تەبىي ھالدا، ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى) نى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قاراخانىلار دۆلىتىدە ھىجرىيە 447—448 - يىللىرى (مىلادى 1056—1057 - يىللىرى) سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئەلىك چوڭ خان (ئارسلان خان) سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ

ئۆزىنىڭ ئىنىسى ھەم خانلىق شىرىكى بولغان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپكە قارشى سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ، دۆلەت ھوقۇقىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. ئىككى ئوتتۇرىدىكى جەڭدە ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشىدۇ. بۇغراخان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، دۆلەت ھوقۇقىنى قولغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە ئىبنولئەسىر ئۆزىنىڭ «تارىخى كامىل» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «15 ئايدىن كېيىن، بۇغراخان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ چوڭ خاقان (ئارسلان خان) بولۇپ، دۆلەت ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېگىنگە تۇتقۇزدى. ئۇنى دۆلەتنىڭ نامزات خانى دەپ ئېلان قىلدى، لېكىن، بۇغراخانىنىڭ (ئارسلان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپنىڭ) 2 – خوتۇنىدىن تۇغۇلغان كىچىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ خوتۇن ھۈسەيىن چاغرى تېگىننىڭ نامزات خانلىققا تەيىلەنگەنلىكىگە نارازى بولۇپ، بۇغراخان (سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ) غا قەست قىلدى، ئۇنى ۋە پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بىر نەچچە ئەزاسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قېرىندىشى ئارسلان خان ئىبنى قادىرخان (سۇلايمان يۈسۈپ) نىمۇ بوغۇزلىۋەتتى. مەھمۇت ئىبنى ھۈسەيىن يەنى مەھمۇت قەشقەرى مۇشۇ قىرغىندىن ئامان قالغان بىر قانچە كىشىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا قېچىپ چىقىپ خوشنا تۈرك ئەللىرىگە بېرىپ، بۇ جايلاردا 10 نەچچە يىل يۈرۈپ ئاخىرى باغداتقا كېلىپ قالدى. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا تۈرك دۇنياسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.»

قاراخانىلار دەۋرىدە تۈركى خەلقلەرگە ئورتاق بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ھالدا شەكىللەنگەن يېزىق تىلى ۋە ئەدەبى تىل بار ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىشتا ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبى تىلنى ئاساس قىلدى. ئۇ خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى (قەشقەر رايونى) دىكى خەلقلەر سۆزلىشىدىغان ئورتاق تىلنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ فونېتىكا – گراماتىكا قائىدىلىرنى ئېنىق چۈشەندۈردى. قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئومۇمى تىلنىڭ ئاساسىي دەپ ھىساپلاپ، ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەردى. خاقانىيە تىلى ئەڭ ساپ ئۇيغۇر ئەدەبى تىلى بولۇپ، ئۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچە 24 ھەرپتىن تۈزۈلگەن؛ بارلىق خاقانلار، سولتانلارنىڭ كىتاپ، خەت – چەكلىرى قەدىمقى زاماندىن شۇ كەمگىچە، قەشقەردىن تارتىپ چىن ۋە ھەممە تۈرك شەھەرلىرىگىچە مۇشۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى خاقانىيە تىلىنىڭ ئەرەپ تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىغى ئۈستىدە توختالغاندا، تۈركى تىلىنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

## «دىۋان» نىڭ مەزمۇنى

«دىۋان» تىلشۇناسلىق كاتىگورىيىسىگە كىرىدىغان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا ھەممە ساھەدىن مەلۇمات بېرىلىپ، ناھايىتى كەڭ مەزمۇن بىلەن بېيىتىلغان.

(ئا) ئەدەبىيات

«دىۋان» بىزگە قاراخانىلار ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ياخشى مەلۇمات بېرىدىغان مەنبەلەردىن بېرىدۇر.

ئۇنىڭغا قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، مەدىنى ھاياتىنى، كۆرەش پائالىيىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى، ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىدىغان 242 پارچە (1 - جىلدىدا 117 پارچە، 2 - جىلدىدا 48 پارچە، 3 - جىلدىدا 77 پارچە) ئەدەبى پارچە ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، قوشاق، تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر، قوشاق، ماقال - تەمسىللەر ئۆزىنىڭ يىقىملىقلىغى، گۈزەللىگى، رەڭدارلىغى ۋە مەزمۇنىنىڭ مولدىغى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

(1) ئوۋچىلىق ۋە ئەمگەك قوشاقلىرى

«دىۋان» دىكى ئوۋچىلىق ۋە ئەمگەك قوشاقلىرى تەبىئەتنى، جەمىيەتنى ئۆزگەرتكۈچى، ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقنى ياراتقۇچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ پائالىيىتى، روھىي قىياپىتى ۋە سەيلە - تاماشاسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،

يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ.

قۇلان كىيىك ئاۋلاتۇ،

بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم.

(يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مىۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ، ياۋا ھايۋانلارنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى[11]

«دىۋان» دىكى بۇ خىل ئوۋچىلىق ۋە ئەمگەك قوشاقلىرىغا ئىپتىدائى جەمىيەتكە دائىر ماتېرىياللار سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قوشاقلار ئەدەبى قىممىتى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇزاق زامانلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى، ئىپتىدائى جەمىيەتنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

(2) جەڭ قوشاقلىرى

«دىۋان» دىكى جەڭ قوشاقلىرىدا قاراخانىلار تېررىتورىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، كىچىك خانلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىچكى بۆلۈنۈشكە خاتىمە بېرىشتىكى جەڭ - ئۇرۇشلار ۋە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشتە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا غەيرى دىندىكىلەر ئۈستىدىن قىلغان غازاتلار، خوشنا ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭ، ئۇرۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئالپلار ئارىغ ئالقىشۇر،

كۈچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر.

بىر بىر ئۇزە ئالقىشۇر،

ئەزگەرمەزىپ ئوق ئاتار.

(باتۇرلار بىر – بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، كۈچنى توپلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر – بىرىنى ئالقىشلاشتى، ئۆلۈمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى⑫)

.................................

تەلىم باشلار يۇۋالدىمات،

ياغى ئاندىن ياۋالدىمات.

كۈچى ئانىڭ كەۋەلدىمەت،

قىلىچ قىنقا كۈچۈن سىغدى.

(باتۇرلارنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۈچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۈزىگە قاتقان قاننىڭ كۆپلىكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.)⑬

(3) مەرسىيە قوشاقلىرى

«دىۋان» دىكى مەرسىيە قوشاقلىرى قايغۇ، ئۆلۈم ھادىسىلىرى يۈز بەرگەندە ئېيتىلىدىغان مەرسىيەلەر. «دىۋان» دا چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان ئىككى مەرسىيە بار: بۇنىڭ بىرى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ ئۆلۈمگە بېغىشلانغان مەرسىيە، يەنە بىرى نامى كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان مەرسىيەلەر. مەسلەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،

ئېسىز ئاژۇن قالدىمۇ.

ئۆزلەك ئۇچىن ئالدىمۇ،

ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟

يامان دۇنيا قالدىمۇ؟

پەلەك ئۈچىنى ئالدىمۇ؟

ئەمدى يۈرەك تىتىلۇر.)⑭

.............................

ئۈلىشىپ ئەرەن بورلەيۇ،

يىرتىپ ياقا ئۈرلايۇ.

سقىرىپ ئۈنى يۈرلايۇ،

سىغتاپ كۆزى ئۈرتۈلۇر.

(ئەرلەر بۆرىدەك هۇلىشىپ،

ياقا يىرتىپ ۋاقىرىشىپ.

ئۈنىنىك بېرىچە چىقىراپ، پەريات چىكىپ،

ئۆكسۈپ كۆزنى ئۈرتىلەر.)⑮ (ئاپراسياپنىك ئۆلۈمى ئۈچۈن)

بۇ خىل مەرسىيىلەردە تىپىك تارىخي شەخسلەرنىك خەلق يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئەسلىنىپ، ئۇنىك جەڭدە ۋاپات بولغانلىغىغا چوڭقۇر قايغۇ - هەسرەت ئىپادىلەنگەن.

(4) مۇهەببەت قوشاقلىرى

قاراخانىلاردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن مۇهەببەت قوشاقلىرى شۇ دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلقنىك ساپ - سەمىمى ئەخلاقىنى، سۆيگۈ - هىسسىياتىنى، شۇ دەۋردىكى كىشىلىك ۋىجدان ۋاپادارلىغىنى تېما قىلغان. بۇ قوشاقلار «دىۋان» ييزىلىشتىن بۇرۇن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مۇهەببەت قوشاقلىرىدۇر. مەسلەن:

باردى كۆزۈم يارۇقى،

ئالدى ئۆزۈم قونۇقى.

قاندا ئەرىنج قانىقى،

ئەمدى ئۈدىن ئۆزغۇرۇر.

(كۆزۈمنىڭ يۇرۇغى كەتتى،

جېنىمنى ئالدى.

ئۇ قەيەردە بولغاي،

ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغىنار.)

كۆز نۇرۇم (سۆيگەن يارىم) كەتتى، ئۇ مېنىڭ روھىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قەيەردىكىن؟ ئۇنىڭ پىراقىدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

..............................

بولنار مەنى ئۇلاس كۆز،

قارا مەڭىز قىزىل يۈز.

ئاندىن تامار تۇگەل تۆز،

بولناپ يانا ئول قاچار.

(ئۇۋۇلار مېنى خۇمار كۆز

قارا خاللىق قىزىل يۈز.

تامار ئاندىن تۇگەل ئۆز،

ئوۋلاپ يەنە ئۇ قاچار.)

قارا مەڭلىك قىز يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ، ئەسىر قىلىدۇ - دە، يەنە قېچىپ كېتىدۇ.

(5) پەندى - نەسىھەت قوشاقلىرى

«دىۋان» دا يېزىلغان پەندى - نەسىھەت قوشاقلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائى ئەخلاق قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ قوشاقلاردا كىشىلەر ئەجداتلارنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشقا، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىنغان ۋە تەييارتاپلىق، يالغانچىلىقنىڭ ئىنسانغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن.

بىلگە ئەرىگ ئەزگۈ تۇتۇپ سۆزىن ئېشىت،

ئەرزەمنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا.

(بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئىشىت،

پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.)

(ب) تىبابەتچىلىك

«دىۋان» ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى تىببىي ئىلمى، تىبابەت تارىخى ئۈستىدە بىزنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، تەبىئەت ۋە كىسەللىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ھەر خىل داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىجات قىلغان ئىدى. «دىۋان» مۇشۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، تۈركى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانلاشقان رايونىنىڭ ئاب - ھاۋاسى، يەر - سۈيى، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، غىزالىنىشى، بۇ جايلاردا ئۆسكەن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر، ئوت - چۆپ، مەدەن، دورا - دەرمەك بايلىقلىرى، شاراپ تەييارلاش ئۇسۇللىرى، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىلمى توغرىسىدا ماتېرىيال بېرىدۇ.

شۇ دەۋردە خەلق ئىچىدە پەيدا بولغان كېسەللىكلەردىن قان بېسىمى كېسىلى، موخۇ كېسىلى، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى، بەزگەك، ئاق كېسەل، ئىچ ئۆتكۈ، زۇكام، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، چاپلاشقاق كېسىلى، قۇساق ئاغرىقى، قېرىندا سېرىق سۇ يىغىلىش كېسىلى، سېرىق چىچەك كېسىلى، ئۆسمۈرلەرنىڭ تىرنىغىغا ئاق داغ چۈشۈش كېسىلى، كېزىك كېسىلى، ئاياللارنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈش كېسىلى، تاز، قىچىشقاق كېسىلى قاتارلىق ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالىغانلىقى، قۇساق ئاغرىقىنى ئىگىر بىلەن داۋالىغانلىقى، «ئاكىت» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دورىنى زەپەر بىلەن قوشۇپ ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى داغنى داۋالىغانلىقى بىر بىرلەپ بايان قىلىنىدۇ. يەنە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىشتا ھەسەل، زەپەر، سىغۇن ئوت (مېھرىگىيا)، قوداي يىغى، ئىپار ۋە ھايۋان، ئۇچار - قانات ھەمدە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىلغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن تۈركى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزىگە خاس تىببىي ئىلمىنىڭ بولغانلىقى، بۇ ئىلىمنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن تاللاپ قوبۇل قىلىپ، ئۆز تىببىي ئىلمىنى بېيىتقانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

«دىۋان» دا يەنە ئۇيغۇر ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ كالىنىدارچىلىقىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئەڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا يىللارنى موچەل بىلەن ھىساپلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقانلىقىدىكى تارىخي پاكىتلارنى بىزگە يېپ قالدۇرغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئاسترونومىيە خېلىلا تەرەققى قىلىپ، ئاسماندىكى سەييارىلەرنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەتقىق قىلىش باشلانغان. شۇ چاغدىكى ئاسترونوملار ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويۇپ، بىزنى

ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدا مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. «دىۋان» دا بۇ ھەقتىمۇ ياخشى مەلۇمات بېرىلگەن.
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە بىزگە قالدۇرۇلغان مەدەنىي مىراس بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە بارلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشىنى تىل ۋاستىسى بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن ئۆچمەس تارىخىي ھۆججەتتۇر.

4 ـ بۆلۈم «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» توغرىسىدا

قاراخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان نادىر ئەسەر «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت ئىشىكى») دىگەن ئەسەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ ئاپتورى ئەھمەت يۈكنەكى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىپ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئاساسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەر جەمى 14 باپ، 484 مىسرا (كىتاپقا ئىلاۋە قىلىنغان 3 پارچە شېئىر بىلەن 512 مىسرا) دىن تەركىپ تاپقان. ئالدىنقى 5 بابى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن مەسنىۋى (ھەر بىر كوبلىتى ئىككى مىسرالىق شېئىر)، كېيىنكى 9 بابىنىڭ ھەر بىر مىسراسى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ مىسرالىرى قاپىيىلىشىپ كېلىدىغان روبائى شەكلىدە يېزىلغان. كېيىن، دۇنيا ئالىملىرىدىن بىر قانچىلىرى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىلاۋە قىلغان مىسرالىرىنى قوشقاندا، بۇ ئەسەر جەمى 512 مىسرادىن تەركىپ تاپقان داستان ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقتى.
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە قەدىمقى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمىر ئارسلان خوجا قاراخان تەرىپىدىن بۇ ئەسەرگە يېزىلغان ئىلاۋىدە، ئەسەرنىڭ قەشقەر تىلى (خاقانىيە تىلى) دا يېزىلغانلىقى ئېيتىلغان.
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» غا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ ئەسەر چاغاتاي تىلى (چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى) بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە تۈركى تىللار ئىچىدە تۇتقان ئورنىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغىنى 3 خىل قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ، بىرىنچىسى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ئا نۇسخا). بۇ مىلادىنىڭ 1444 ـ يىلى زەينۇل ئابىدىن، سولتان بەخت، ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە كۆچۈرۈلگەن، ھازىر ئىستامبۇلدىكى «ئايا سوفىيا» موزېيىدا ساقلانماقتا. ئىككىنچىسى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقىدا قۇرمۇ قۇر

پاراللىل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ب نۇسخا) بولۇپ، بۇ نۇسخا مىلادىنىڭ 1480 – يىلى ئابدۇلرازاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىسىمۇ ئىستانبۇلدىكى «ئايا سوفىيا» موزېيىدا ساقلانماقتا. ئۈچىنچىسى، يالغۇز ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ت نۇسخا) بولۇپ، بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرۈلگەن كىشىنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس. هازىر بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبۇلدىكى «توپقاپى ساراي» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئىزاھاتلار:

① مورگاننىڭ «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» دىگەن كىتاۋىنىڭ 1 – بېتى.

② «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم، 193 – بەت.

③ «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم، 136 – بەت.

④ قەشقەردە «ساچ مەدرىسى» دىگەن مەدرىسە بار. «سۇراھ» ناملىق كىتاپنىڭ ئاپتۇرى جامال قارشى ئۆز كىتاۋىدا، جەۋھەرى (مىلادىنىڭ 1002 – يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «ئەسساھ» ناملىق 4 توملۇق كىتاۋىنى قەشقەردىكى «ساچىيە» كۇتۇپخانىسىدىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

⑤ ئەل جەۋھەرى (تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر ئىسمايىل جادال فارابى) بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 393 – يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ قاراخانىلارنىڭ يەنە بىر مەركىزى بولغان بالاساغۇندا توغۇلغان. ئۇ شۇ جايدىكى ئىبراھىم فارابى قاتارلىق ئالىملاردىن ئۆگەنگەن، كېيىن مىسىر، ئىراقتا كېلىپ ئەرەپ تىلىنى تەتقىق قىلىپ، كېيىنچە نىشاپۇردا تۇرۇپ قالغان. ئۇ پارىسچە، تۈركچە تىلدا يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ «ۋانقۇلى» ناملىق ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن مەشھۇردۇر.

⑥ پروفېسسور ئاقجان ماشانۇر: «فارابى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن».

⑦ «خاس ھاجىپ» خاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى، خاس مەسلىھەتچى دىگەن مەنىدە. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆزنىڭ قەدىمقى تۈركچىسى «تاپاگۇ» يەنى سەلتەنەت تايانچىسى، دۆلەت تۈۋرۈكى، ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى دىگەن بولىدۇ دەپ ئىزاھلىغان.

⑧ ئۆگە – تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئەمەلدار، مەسلىھەتچى.

⑨ «ئۆپال. بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى.» «تۈركى تىلار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم 99 – بەت.

⑩ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم 2 –، 3 – بەتلەر.

⑪ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم 348 – بەت.

⑫ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم 316 –، 317 – بەتلەر.

⑬ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 – يىل نەشرى، 1 – توم 515 –، 516 – بەتلەر.

⑭ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم 59 ـ بەت.
⑮ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم 254 ـ بەت.
□ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم 65 ـ بەت.
□ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم 82 ـ بەت.
□ « تۈركى تىلار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم 558 ـ بەت.

## بەشىنچى باب قاراخانىلار خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

قاراخانىلار خانلىغى 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 ـ ئەسىرگە قەدەر ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىنىڭ 1222 ـ يىلى يىمىرىلدى.

قاراخانىلار خانلىغى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر ئىسلام دۆلىتى، قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ـ مەملىكىتىمىز تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋردۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە ياشىغان ئۇيغۇر، تۈركى خەلقلەرنى بولۇپمۇ قەشقەر ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىدى. بىر قانچە مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنى ۋە بىر قانچە قەۋملەرنى قاراخانىلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك قاراخانىلار دىكلىتىنى قۇردى. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئالغا سۈرۈپ، يېڭى بىر ئىسلام مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. كەڭ تېررىتورىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىلار خانلىغى ئۆز دائىرىسىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش بىلەن يەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمنى يولغا قويدى. خان ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋرا ئۇننەھر ۋە يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئېلىك خان، ئەمىر، بەگلەر ئەپلىك جۇغراپىيىلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تەپرىقچىلىق ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە قاراخانىلار خانلىغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ، زىددىيەتلەر كۈچەيدى. «ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپى كۆرەش ـ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسىي بەلگىسى.»① ئەمگەكچى خەلقلەر بىلەن ھۆكۈمران سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسىرى كەسكىنلىشىپ، كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

شۇنىمۇ ككرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىلار خانلىغى فېئودال ئاقسۆڭەك خانزادىلەر ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام ۋەكىللىگىدىكى ھاكىمىيەت بولغاچقا، بۇ خانلىق ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى. بۇ ھال قاراخانىلارنىڭ مۇستەھكەم بولماسلىقىغا، بۆلۈنۈشى، ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولدى.

قاراخانىلار خانلىغىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ھەر قايسى جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتىرىلدى. قاراخانىلار

خانلىغى دەل مۇشۇنداق خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئاجىزلىشىپ يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن ئىدى.

### 1 – بۆلۈم قارا خىتايلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

خەنزۇچە تارىخ كىتاپلىرىدا غەربىي «لياۋ» دەپ ئاتالغان قارا خىتايلار (ئەسلىدە قارا قىتان. بىز ئادەت بويىچە قارا خىتاي دەپ ئالدۇق). مىلادىنىڭ 1124 – يىللىرى جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا زاۋاللىققا يۈزلەندى. مۇنداق بىر تارىخي شارائىتتا، قارا خىتايلاردىن يەللىغ تاشىن دىگەن بىر ئاق سۆڭەك بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە قېچىپ كەلدى. ئۇ ئاخىرى بۇ رايونغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ جايدا «لياۋ» خانلىغىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. بۇ خانلىق ئىسلام تارىخلىرىدا «قارا خىتايلار» دەپ ئاتالدى.

قارا خىتايلارنىڭ خانىنى يەرلىك خەلقلەر «گورخان» دەپ ئاتايتتى. بۇ خانلارنىڭ خانى دىگەنلىك بولاتتى. ئۇ ئۇرخۇن دەرياسى بويىدىكى خاتۇن شەھرىگە، ئۇندىن كېيىن غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، يەنسەي ۋادىلىرىدىكى قىرغىز (خاكاسلار) رايونغا باردى. قىرغىزلار ئۇنى يەنسەي ۋادىسىدىن ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، بېشبالىق (جىمسار ئەتراپى) غا كېلىپ ئورۇنلاشتى. يەللىغ تاشىن جىن سۇلالىسىدىن قىساس ئېلىش ۋە قارا خىتاي خانلىغىنى قايتا قۇرۇش مەقسىدىدە بۇ جايدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە قوشۇپ، 40 مىڭدەك ئادەم توپلىدى. ئۇ غەربىي رايونغا ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئېمىل دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. كېيىنچە چۆچەك رايونغا كېلىپ ھەركەتلەندى. ئۇندىن كېيىن قوچۇ خانلىغى (ئۇيغۇر ئىدىقۇتى) چېگرىسىغا قەدەر بېسىپ كىردى. جىن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 1129 – يىلى يەللىغ تاشىننىڭ قايتا تىرىلىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتقانلىغىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇل – كېسىل زەربە بەرمەكچى بولۇپ غەربىي رايونغا قوشۇن ئەۋەتكەندە، قارا خىتايلار بۆلۈنۈپ قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاراخانىلار دائىرىسىدىكى يەتتە سۇغا يېقىن كەلگەندە، شىمالىي ئېلىك خان ئۇلارغا تاغ يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، چېگرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى يۈكلەش شەرتى بىلەن يەر، سۇ كۆرسىتىپ بەردى ۋە مەلۇم دەرىجىدە خىزمەت ھەققى بەردى. ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت قارلۇق، قىپچاق، قانقلى قاتارلىقلارنىڭ قاراخانىلارغا قارشى ئىسيان كۆتىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. قارا خىتايلارنىڭ يەنە بىر قىسمى قاراخانىلارنىڭ مەركىزى قەشقەر چېگرىسىغا بارغاندا، قاراخانىلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئۇلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ ھەيدىۋەتتى.

يەتتە سۇ ھاكىمى (تارىخي كىتاپلاردا قايسى ئېلىك خان ئىكەنلىگى ئېيتىلمىغان) قاراخىتايلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندا، قارا خىتايلا رەت قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ھىساۋىغا ئېلىك خان تەرەپتىن قويۇلغان ھەممە تەلەپلەرنى ئىجرا قىلىپ، خانغا تولۇق بويسۇندىغانلىغىنى بىلدۈردى (ئۇلارنىڭ ئېتىقات قىلغان دىنى مانى دىنىمۇ ياكى خرىستىيان دىنىمۇ،

هازىرچە ئىسپاتلاش قىيىن)، ئەمما قارا خىتايلار ماكانلىشىپ بولغاندىن كېيىن، «چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش» ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن كۈچ توپلاپ، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش سۈيقەستىنى پىلانلىدى. 1137 ـ يىلى قارلۇقلارنىڭ شىمالىي ئېلىك خانغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، قارا خىتايلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالىي ئېلىك خانغا قارشى پىتنە قوزغاپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى.

مىلادىنىڭ 1137 ـ يىلى، خوجەند يېنىدىكى ئۇرۇشتا تامغاچ مەھمۇت خاننىڭ ئەسكەرلىرى يەللىغ تاشىن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. بۇ مەغلۇبىيەت ماۋرا ئۇننەھر خەلقى ئۈچۈن چوڭ بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كەلدى. قارا خىتايلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يەنسەي دەرياسىدىن تالاسقا قەدەر سوزۇلغان كەڭ رايوننى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ، قارا خىتايلار ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى.

قارا خىتايلارنىڭ خانى يەللىغ تاشىن زور تۈركۈمدىكى ھەربى قوشۇن بىلەن ئىسسىق كۆل ئارقىلىق قاراخانىلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى بېسىۋالدى، ئارقىدىنلا يەركەنت، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەرنى بوي سۇندۇرۇۋالدى. قەشقەر قارا خىتايلار تەرىپىدىن تامامەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، قاراخانىلار قارا خىتاي خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قارا خىتايلار شەرققە يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قوچۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىمۇ بوي سۇندۇردى.

1141 ـ يىلى، قارا خىتايلار غەربىتىكى قاراخانىلار خانى تامغاچ مەھمۇت خان ئۈستىگە ئەسكەر تارتىپ بېرىپ، ئۆزكەنت، كاسان قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. تامغاچ مەھمۇت خان سەمەرقەنتتىن ھەربى قوشۇن كەلتۈرۈپ، قارا خىتايلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاجىز كېلىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. يەللىغ تاشىن تامغاچ مەھمۇت خاننىڭ تەلىۋى بويىچە سۈلھى تۈزۈشكە قوشۇلدى. سۈلھى بويىچە تامغاچ مەھمۇت خان «ئىچكى جەھەتتىن مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىپ، مەلۇم مىقداردا باج تاپشۇرۇش» شەرتى بىلەن قارا خىتايلارغا تەۋە بولدى.

مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، قارا خىتايلار غەربىتىكى سولتان سەنجەر سالچۇقىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. سولتان سەنجەر سالچۇقى قارا خىتايلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئەسكەر باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. قارا خىتايلار بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئارىسىدىكى كاتۋان چۆلىگە ئەسكەر توپلىدى. مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سولتان سەنجەر سالچۇقى بىلەن قارا خىتايلارنىڭ قوشۇنلىرى كاتۋان چۆلىدە ئىنتايىن دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سولتان سەنجەر سالچۇقنىڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى؛ ئىككى تەرەپتىن 30 مىڭ ئادەم ھالاك بولدى. سولتان سەنجەر تىرمىزغا قاچتى. 1141 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، قارا خىتايلار بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، ئالىپ تېگىننى بۇخاراغا ئەمىر قىلىپ بەلگىلىدى.

سولتان سەنجەر سالچۇقنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى خارەزىم شاھى ئاتسىز ئۈچۈن خۇددى قارا خىتايلارنى چاقىرىپ كەلگەندەك خەۋپلىك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. قارا خىتايلارنىڭ قوماندانى ئەربەر خارەزىمگە نۇرغۇن ھەربى قوشۇن باشلاپ بېرىپ، خارەزىم شاھىنى يەڭدى. بۇنىڭ بىلەن خارەزىم

شاھى ئاتسىزنىڭ مەملىكىتى ئۆزۈنىغا قالماي قارا خىتايلارنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تالان – تاراج قىلىندى. خارەزىم شاھى قارا خىتايلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ھەر يىلى 30 مىڭ دىنار (30 مىڭ تىللا) ئالتۇن تۆلەش ۋە مەملىكىتىدە ئۇنىڭ بىر ئالى دەرىجىلىك ۋەكىلىنى تۇرغۇزۇش شەرتى بىلەن قارا خىتايلارغا بېقىندى ئەل بولدى.

2 – بۆلۈم قارا خىتاينىڭ زۇلمى

قارا خىتايلار ئەسلىدىكى لياۋ خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىنى داۋاملاشتۇردى. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قارا خىتايلار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇخارا، سەمەرقەنت، خارەزىم ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنى قەدىمقى لياۋ خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە باشقۇردى. ئۇلار قاراخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى بىر يۈرۈش چارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، يەرلىك ئاھالە ئۈستىدىكى سىياسى زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. قارا خىتايلار ئۆزىگە قاراشلىق جايلار ۋە رايونلارنى تۆۋەندىكى 3 خىل ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلدى:
1. بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرى (باسقاق) نى ئەۋەتىپ، يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئۈستىدىن نازارەت قىلدى. مەسىلەن، قارا خىتايلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا كەنجى باسقاق ناملىق ۋەكىلىنى تۇرغۇزدى. ئۇلار باشقا جايلاردىمۇ شۇنداق قىلدى.
2. مەلۇم مۇددەتتە باج – خىراج يىغقۇچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، باج – خىراج يىغدى.
3. ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىغا كۈمۈشتىن ياسالغان دەستەك (پەيزە) بېرەتتى. بۇ دەستەكنى ئالغانلار ئۇنى دائىم يېنىدىن ئايرىمايتتى، بۇ دەستەك قارا خىتايلارغا تەۋە بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. قارا خىتايلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باسقاق (ئەملدارلىرى) نى ئەۋەتىپ داۋاملىق ئېغىر ئالۋاڭ – ياساقلارنى ئېلىپ، خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ھەر بىر ئائىلە باشلىقىنى بىر دىنار (بىر تىللا) باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ باجدىن باشقا يەنە خىراج دەپ، مەھسۇلاتنىڭ 10 دىن بىرىنى تارتىۋالاتتى. بۇ باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلارنى دەرھال جازالايتتى. قارا خىتايلارنىڭ چىرىكلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، يەرلىك خەلقنىڭ خوتۇن – قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى دەپسەندە قىلىسمۇ، ھېچقانداق جاۋاپكارلىققا تارتىلمايتتى.
مىلادىنىڭ 1143 – يىلى، قارا خىتايلارنىڭ خانى يەللىغ تاشىن ئۆلدى، قارا خىتاي خانلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى يەللىغ ئىلى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەللىغ تاشىننىڭ خوتۇنى كوياڭ ياكى «پوسوۋەن خان» خان بولدى. بۇنىڭ خانلىق ۋاقتىنىڭ قانچىلىك داۋام قىلغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق ئېيتىلمىغان. ئەمما، يەللىغ تاشىن (گورخان) ئۆلگەندىن كېيىن، قارا خىتايلار ئىچىدە خانلىق تالىشىش كۆرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، نەتىجىدە «كوياڭ» ئۆلتۈرۈلدى. مىلادىنىڭ 1150 – يىلى، قارا خىتايلار تەختىدە يەللىغ ئىلى («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا چورۇن دەپ ئاتالغان) ئولتۇردى، قارا خىتايلارغا قاراشلىق جايلارنى گورخاننىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئىدارە قىلدى.

ملادى 1156 ـ يىلى، ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەت قاراخان قەشقەردە ۋاپات بولدى. شۇ يىلى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەت تاۋغاچ قاراخان قەشقەردە تەختتە ئولتۇردى. ئۇمۇ قارا خىتايلارغا تەۋە بولۇپ، مەلۇم مقداردا باج تۆلەپ تۇردى.

ملادىنىڭ 1156 ـ يىلى، خارەزىم شاھى ئاتسىز ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىل ئارسلان خان تەختتە ئولتۇردى. ملادىنىڭ 1157 ـ يىلى، سولتان سەنجەر سالچۇقى ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئۇ 71 ياشتا ئىدى. سەنجەر سالچۇقى خانلىقىنىڭ نەسلىدىن (مەلىكشاھ نەسلىدىن) غىياسىدىن مۇھەممەت ئىبنى مەھمۇت ئىراققا خان بولدى. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەنتتە قاراخانلاردىن ئىبراھىم ئارسلان خاننىڭ ئوغلى تامغاچ مۇھەممەتنىڭ قارا خىتايلارغا بېقىندى ھاكىمىيتى مەۋجۇت ئىدى، تامغاچ مۇھەممەت خان ھاكىمىيتى ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردا قارلۇقلار قارا خىتايلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى، تامغاچ مۇھەممەت خان قارلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تارىخچى جامال قارشى بۇ ۋەقەنى ملادىنىڭ 1156 ـ يىلى بولغان دەپ كۆرستىدۇ.

تامغاچ مۇھەممەت ئىبراھىم خاننىڭ ئورنىغا يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەت قاراخان بولۇپ، سەمەرقەنتتە تەختتە ئولتۇردى. يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەت قاراخان تەختكە چىقىش بىلەن، قارلۇقلارنىڭ قاراخانغا قارشى قوزغىغان ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن دەرۇر تەدبىر قوللىنىپ، قارلۇقلارنىڭ رەئىسى قاراخان ياپغۇنى ئولتۇردى، قارلۇقلارنىڭ ئىسيانى تىنجىتىلدى.

قارلۇقلار ئىسيانى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمى خارەزم شاھى سولتان ئىل ئارسلان خان قېشىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭدى پانالىق تىلىدى. خارەزم شاھى ئىل ئارسلان قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ملادىنىڭ 1158 ـ يىلى، ماۋرا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. سەمەرقەنتنىكى قاراخانلار خانى تامغاچ ئىبنى مۇھەممەت قارا خىتايلارنىڭ خانى گورخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قارا خىتايلار ئېلىك تۈركمەن قوماندانلىقىدا 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. خارەزم شاھى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش سۇلھى يولى بىلەن ھەل قىلىندى. خارەزم شاھى ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن قارا خىتايلارغا ھەرسىلەپ باج تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتتا بۇخارادا جالالىدىننىڭ ئوغلى قىلچخان مەسئۇت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. خارەزم شاھى ئارسلان خان ملادىنىڭ 1172 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك ئوغلى سولتان شاھ تەختكە چىقتى. بۇ چاغدا، ئارسلان خاننىڭ چوڭ ئوغلى تەكەش جەندنى ئىدارە قىلاتتى. خارەزم شاھلىقىنىڭ ھۆكۈمران گورۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تەخت تالىشىپ قالدى. نەتىجىدە، تەكەش سولتان شاھتىن تەختنى تارتىۋالدى. ئۇ ملادىنىڭ 1172 ـ يىلى خارەزم تەختگە چىقىپ ملادىنىڭ 1200 ـ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. خارەزم شاھى تەكەش تەختكە چىقىشى بىلەن قارا خىتايلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، قارا خىتايلارنىڭ باسقىنى ئۆلتۈردى، قارا خىتايلار بۇ قوزغىلاڭنى قوراللىق باستۇرۇۋەتتى.

1200 ـ يىلى خارەزم شاھى تەكەش ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مۇھەممەت خارەزم شاھلىق

تەختىگە چىقتى. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەنتتە قاراخانىلاردىن ئىبراھىم ئىبنى ھۈسەيىن ئوغلى ئوسمان سۇلتان ئۈنۋانى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. قارا خىتايلارنىڭ سەمەرقەنتتىكى زۇلمى چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چەكسىز غەزەپ - نەپرەت پۈتۈن سەمەرقەنتنى قاپلىغان ئىدى. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىدا قارا خىتايلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئوت ئۇچقۇنلىرى يېنىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى. قارا خىتايلارغا قارشى قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن خوتەندە كۆتىرىلدى. قارا خىتايلار قارلۇقلارنىڭ باشلىقى ئارسلان خانغا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى. ئارسلان خان قارا خىتايلارغا قارشى بولغاچقا، قارا خىتايلار مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق ئارسلان خاننىڭ قارشىلىقىنى بوشىتىپ، ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى خوتەن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بۇرىماقچى بولدى. ئارسلان خان قارا خىتايلارنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، نائىلاج ھالدا خوتەن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى. لېكىن كۆرەش يوشۇرۇن ھالدا داۋاملىق راۋاجلاندى.

مىلادىنىڭ 1204 - يىلى، چىڭگىزخان نايمانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ باشلىقى تايان خاننى ئۆلتۈردى. تايان خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك شىنجاڭغا - قارا خىتايلارنىڭ يېنىغا پانا تارتىپ قېچىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى خۇددى لاۋۇلداپ يانغان ئوتتەك ھەممە جايغا تۇتاشقان ئىدى. قارا خىتايلارنىڭ خانى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش مەقسىدىدە كۈچلۈكنى دەرھال قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلدى. كۈچلۈك قارا خىتاي خاننىڭ قېشىدا بىر مەزگىل تۇردى.

مىلادىنىڭ 1205 - يىلى، قەشقەردە قاراخانىلار خانى يۈسۈپ ئىبنى مۇھەممەت ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ خان بولدى. قەشقەر خانى گەرچە قارا خىتايلارغا بېقىندى بولسىمۇ، ئەمما قارا خىتايلارغا قارشى كۆرەشنى زادىلا توختاتمىدى.

قارا خىتايلارنىڭ خانى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چىرىكلەشكەن ۋە لىڭشىپ قالغان ھاكىمىيىتىنى جېنىنىڭ بېرىچە قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، قاراخانىلارنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئېلىك خانى سۇلتان ئوسمانغا كۈيئوغۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان ئوسمان خان قارا خىتاي خاننىڭ بۇ تەلىۋىنى قاتتىق رەت قىلدى ۋە قارا خىتايلارنىڭ سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەن ۋەكىلىنى دەرياغا تاشلاپ، قارا خىتايلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى.

سۇلتان ئوسمان خان قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، خارەزىم شاھى مۇھەممەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىدىدە مۇھەممەت شاھنىڭ قىزى بىلەن نىكاللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. خارەزىم شاھى مۇھەممەت سۇلتان ئوسمان خاننىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى.

غەربىي قاراخانىلارنىڭ خانى سۇلتان ئوسمان قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، خارەزىم شاھى مۇھەممەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئەسلىدە خارەزىم شاھى مۇھەممەتنىڭ ئانىسى تۈركان خاتۇن قاراخانىلار ئەۋلادىدىن ئىدى. خارەزىم شاھى مۇھەممەت بىلەن سۇلتان ئوسمان قارا خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، بىرلەشمە قوشۇن تەشكىل قىلىپ، ئوترارda قارا خىتايلارنىڭ قوشۇنى بىلەن

ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا سۇلتان ئوسماننىڭ بىرلەشمە قوشۇنى قارا خىتايلارنىڭ تانىكو باشچىلىغىدىكى قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىپ، نۇرغۇنلىرىنى ئەسىرگە ئالدى، تانىكو قېچىپ قۇتۇلدى.
ۋەزىيەتنى كۆزەتكەن كۈچلۈك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئىسيان كۆتىرىپ، مىلادىنىڭ 1211 - يىلى قارا خىتايلارنىڭ خان ئوردىسىنى ئىشغال قىلىۋالدى ۋە قارا خىتايلارنىڭ خانى چورۇقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قارا خىتايلار ئاغدۇرۇلۇپ، ھاكىمىيتى مۇنقەرز بولدى. كۈچلۈك قارا خىتايلارنى يوقاتقانلىغىنى داۋراڭ قىلىپ، قارا خىتايلارنىڭ قول ئاستىدىكى رايون ۋە جايلارنى ئۆز تەۋەلىگىگە ئېلىۋالدى.

كۈچلۈك قارا خىتايلارنىڭ ئورنىنى باستى. كۈچلۈك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تىغ ئۇچىنى ئالدى بىلەن غەربىي قىسىم قاراخانىلار خانى سۇلتان ئوسمان ۋە خارەزىم شاھىغا قاراتتى. شۇ يىلى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. مۇشۇ ئۇرۇش جەريانىدا، ماۋرا ئۇننەھردىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە ھەربى يۈرۈش قىلىپ، بۇ جايلارنى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى.
كۈچلۈك قەشقەر ئەتراپىدىكى قارشىلىقنى باستۇرۇشتا، دەل دىخانچىلىقنىڭ ئۈزۈكچىلىك پەسلى ۋە ھوسۇل - يىغىن ۋاقتىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، سۆرەلمە خاراكتىرلىق ئۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ جايلارنى بولاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋەيران قىلدى. ئاشلىقتىن قىسىش ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قەشقەر رايونىنى بوي سۇندۇردى. يەركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلارغا داۋاملىق ھەربى يۈرۈش قىلىپ، يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۈچىنى قانلىق باستۇرۇش ئارقىلىق، بۇ جايلارنىمۇ ئۆزىگە بوي سۇندۇردى، ئۇ كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى.
قارا خىتايلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار ئوتتۇرا رايوندا ئۆزىگە كېرەكلىك كىيىم - كېچەك، يىمەك - ئىچمەك ۋە ئات - ئۇلاقلارنى خالىغانچە بۇلىدى، بولۇپمۇ قەشقەرىيە خەلقنى تېخىمۇ قاتتىق تالان - تاراج قىلدى.
كۈچلۈك ئەسلى نىستورىيان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. غەربىي يۇرتلارغا كەلگەندىن كېيىن، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلدى. كۈچلۈك قەشقەرىيدىكى بولۇپمۇ خوتەندىكى مۇسۇلمانلارنى بۇددا ياكى نىستورىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا زورلىدى. بۇددا دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان مۇسۇلمانلارنى قاتتىق باستۇردى، خوتەندە قۇرئاننى تەپسىر قىلىش، ئىسلام تارىخنى، ئەدىبىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنى، تىببى كىتاپلارنى ئوقۇشنى مەنئى قىلدى، ھەتتا مەدرىسەلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىمۇ ئېتىۋەتتى؛ خوتەندە 3000 دەك مۇسۇلمان دىنى ئۆلىمالىرىنى، دامۇللا، ئىماملارنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلىدى. خوتەننىڭ ئاتاقلىق دىنى ئالىمى ھەزرىتى ئىمام ئالاھىددىن مۇھەممەت خوتەننى خوتەن خەلقنى ئىسلام دىنىدىن قايتىشقا ۋەز - نەسىھەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئالاھىددىن كۈچلۈكنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغاندا، كۈچلۈك ئۇنى خوتەن سېپىلىنىڭ قوۋقىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈردى؛ 3000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى،

دامولللارنى ئەلڭ ۋەھشى ئۇسۇل بىلەن قىرىپ تاشلىدى؛ ئىسلامىيەتنىڭ قەدىمقى يادىكارلىقلىرىنى، مىللى مىراسلىرىنى ۋە ھەر خىل ئىلىم ـ پەنگە دائىر تارىخىي ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى؛ ھەتتا مۇشۇ چاغلاردا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى نابۇت قىلىنىۋېتىلگەن ئىدى.

### 3 ـ بۆلۈم چىڭگىز ئىستىلاسى

#### 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل دالىسىدا چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى ئىسمى تىمۇرچىن بولۇپ، ئۇ ھەربى ئاقسۆڭەك تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان. چىڭگىزخاننىڭ قەبىلىسى دەسلەپتە ئىرغونان دەرياسىنىڭ ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كېيىن ئونان دەرياسى بىلەن كورۇلۇن دەرياسى ئوتتۇرىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. موڭغۇل قەبىلىسى بىلەن بىللە گوبىنىڭ شىمالىدا يەنە نۇرغۇن قەبىلىلەر بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئىچىدىن تاتارلار (شەرقتە بۇيۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان)، ئوڭغۇتلار (سەددىچىن ئەتراپىغا جايلاشقان)، توغراتلار (ئوڭغۇت ۋە تاتارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلارغا جايلاشقان). كىرەيلەر (قاڭقاي تېغى بىلەن كىنتىك تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان)، مەركىتلەر (كىرەي قەبىلىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان)، نايمانلار (قاڭغاي تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان) قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە ئويراتلارمۇ بار ئىدى (مىڭ خانلىقى دەۋرىدە ئۇلار ئويرانغۇت دەپ ئاتىلاتتى. مانجۇ خانلىقى دەۋرىدە ئويرات ياكى ئويرۇت دەپ ئاتالدى). بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى بىر بىرىگە ئوخشىمايتتى: بەزىلىرى چارۋىچىلىق، بەزىلىرى ئوۋچىلىق ۋە بەزىلىرى بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ ئوڭغۇتلار، توغراتلار دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىنجاڭغا خوشنا بولغان نايمانلار باشقىلارغا نىسبەتەن ئىلغارراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يېزىقى بار ئىدى. ئۇلار دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. خىرىستىيان دىنىنىڭ نىستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقات قىلاتتى.

تىمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە يۈرۈش قىلدى، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بۇ ئەينى دەۋردىكى بىرلىشىش ئىستىكى تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن ئىدى. شۇڭا تىمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن مەركىتلەر ۋە كىرەيلەرنى مەغلۇپ قىلدى. باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرى تىمۇرچىننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى. مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلى، ھەر قايسى ئاقسۆڭەكلەر ئونان دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، تىمۇرچىننى پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ خاقانلىقىغا سايلىدى، ئۇنىڭغا «چىڭگىزخان» دىگەن ئۇنۋاننى بەردى.
چىڭگىزخان پۈتۈن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ غەرپ ۋە شەرققە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى.

مىلادىنىــڭ 1218 ـ يىلــى چىڭگىزخانىنــــڭ جەبە نويــۇن باشــچىلىقىدىكى قوشــۇنلىرى قەشــقەرىيىگە يــۈرۈش قىلىــپ كۈچلــۈككە ھۇجــۇم قىلــدى. موڭغــۇللار كۈچلــۈك بىــلەن قەشــقەرىيە خەلقــى ئوتتۇرىســىدىكى زىــددىيەتتىن پايــدىلىنىپ، كۈچلــۈك ئۈســتىدىن تېــز غەلىــبە قازانــدى. كۈچلــۈك ھۆكــۈمرانلىقى ئاســتىدىكى يەرلىــك ھــاكىمىيەت ۋە خەلقلــەر ئارقــا ـ ئارقىــدىن كۈچلۈكنىــڭ ئەســكەرلىرىنى ئۆلتــۈرۈپ، چىڭگىزخانغــا تەســلىم بولــدى. كۈچلــۈك قەشــقەرنىڭ غەربىــدىكى پــامىر ئېگىــزلىكىگە قــاراپ قاچقانــدا، جەبە نويۇنىنــــڭ ئاۋانگــارت قوشــۇنىدىكى ئىســمايىل ســارىققۇلغىچە قــوغلاپ بېرىــپ ئــۇنى ئەســىر ئېلىــپ ئۆلتــۈردى. ئارقىــدىنلا موڭغــۇل قوشــۇنلىرى شــىنجاڭنىڭ جەنۇبىغــا ھۇجــۇم قىلــدى. قەشــقەردىكى قاراخــانىلار خــانى، يەركەنــت، خــوتەن قاتــارلىق جايلارنىــڭ ھەممىســى موڭغۇللارغــا تەســلىم بولــدى، شــۇنىڭ بىــلەن موڭغــۇللار قەشــقەرىينى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

موڭغۇللار مىلادىنىــڭ 1219 ـ يىلــى كــۈز پەسلىدىن باشــلاپ ئوتتــۇرا ئاســىياغا ھۇجــۇم قىلىــش ئۇرۇشــىنى قوزغــاپ، مىلادىنىــڭ 1222 ـ يىلــى مــاۋرا ئــۇننەھردىكى قاراخانىلارنىــڭ ئېلىــك خــانلىقى ۋە خــارەزىم شــاھنى بوي سۇندۇردى.

چىڭگىزخـــان مـــاۋرا ئـــۇننەھر ۋە قەشـــقەرىينى بـــوي ســـۇندۇرغاندىن كېـــيىن، بـــۇ رايـــونلاردا چىڭگىزخـــان ھاكىمىيتى تىكلەندى، قاراخانىلار خاندانلىقى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى.

**ئىزاھات:**

① ستالىن: «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخي ماتېرىيالىزم».

قاراخانىلار تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

840 ـ يىــل قىرغىــزلار ئوتــوكەن شــەھرىگە ھۇجــۇم قىلىــپ، ئۇيغــۇر دۆلىتىنــى مــۇنقەرز قىلــدى. قاراخانىلارنىــڭ جەمەتــدىن پــان تــېگىن باشــچىلىقىدىكى 15 قەبىــلە غەربتىكــى قــارلۇق زېمىنىغــا كۆچــۈپ بېرىــپ، يەتتە سۇ رايونىدا قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇردى.

سامانىلار خاندانلىقىدىن نوھ ئىبنى ئەسەد ئەسكەر چىقىرىپ ئىسپىجاپنى ئىشغال قىلدى.

9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىلگە قادىرخــان ۋاپــات بولــدى. ئۇنىــڭ چــوڭ ئــوغلى بــازىر چــوڭ خاقــان بولــۇپ، بالاســاغۇننى ئــدارە قىلــدى، ئىككىنچــى ئــوغلى ئوغۇلچــاق قادىرخــان ئۇنــۋانى بىــلەن تالاســنى ئىدارە قىلدى.

893 ـ يىلى ئوغۇلچاق قادىرخان قەشقەرنى پايتەخت قىلدى.

10 ـ ئەســىرنىڭ دەســلەپكى يېرىمــدا ســاتۇق تــېگىن ئىســلام دىنىنــى قوبــۇل قىلــدى. ئــۇ مۇســۇلمانچە ئابدۇكېرىم ساتۇق تېگىن دەپ ئاتالدى.

10 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرىدا ساتۇق تېگىن ئىسلام دىنىنى تېخى قوبۇل قىلمىغان ئوغۇلچاق قادىرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەردە ئىسلام ھاكىمىيىتى ئورناتقاندىن كېيىن، ئۆزىنى قاراخان دەپ ئېلان قىلىپ، قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەيدىغان "بۇغراخان" ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى.

942 – يىلى ساتۇق بوغراخان سۈياپ شەھرىنى ۋە بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ، ئۇ جايلارنى قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى.

955 – يىلى ساتۇق بوغراخان ۋاپات بولدى، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشنىڭ مەشھەت دېگەن يېرىدە دەپنە قىلىندى.

956 – يىللار ساتۇق بوغراخاننىڭ ئوغلى مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم (تۈركچە ئىسمى بايتاش) بۇغرا قاراخان بولدى.

960 – يىلى قاراخانىلار بالاساغۇننى قاراخانىلارنىڭ يەنە بىر پايتەختى قىلدى.

971 – يىلى مۇسا بۇغراخان ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، بۇددىزىمنىڭ مەركىزى بولغان ئودۇن (خوتەن) خانلىقى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى.

992 – يىلى مۇسا بۇغرا قاراخان ۋاپات بولدى. ئۇ ئاتۇشتىكى قاراخانىلار قەۋرىستانلىقىدا دەپنە قىلىندى. بۇ ئورۇن ئاتۇشتا "بۇغرام" مازىرى نامى بىلەن ئاتالدى.

ھارۇن بوغرا قاراخان تەختتە ئولتۇردى. ئۇ زېمىن دائىرىسىنى پەرغانە، سەمەرقەنت ھەتتا ماۋرائۇننەھرگىچە كېڭەيتىپ، بۇ جايلارنى ئىشغال قىلدى.

997 – يىلى ھارۇن بۇغراخان بۇخارادىن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە ۋاپات بولدى.

يۈسۈپ قادىرخان قاراخان ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى.

999 – يىلى قاراخانىلار خانلىقى سامانىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىگەللەپ، سامانىلار دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى.

1000 – يىللار غەزنە ھۆكۈمدارى سولتان مەھمۇت قاراخانىلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش تەلىۋىنى قويدى، دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

1007 – يىللار قاراخانىلار بىلەن غەزنە ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. ئاخىر غەزنە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى مەھمۇت سۈلھى تەلەپ قىلدى.

1010 – يىلى خوتەندە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خەلقلەر ئىسلام دىنىدىن يېنىپ، قاراخانىلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

يۈسۈپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ نۇرغۇن كۈچ توپلاپ، دىنىي ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە

خوتەنگە غازات قىلىپ، خوتەندە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇردى.
1026 – يىلى قاراخانىلارنىڭ خانى يۇسۇپ قادىرخان بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى.

1032 – يىلى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ خانى يۇسۇپ قادىرخان ۋاپات بولدى ۋە قەشقەردە دەپنە قىلىندى.

1032–1056– يىللارغىچە سۇلايمان تېگىن ئارسلان قاراخان ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە قاراخانىلار خانلىقى بالاساغۇننى يازلىق پايتەخت، قەشقەرنى قىشلىق پايتەخت قىلدى، قەشقەرنى ئوردا كەنت نامى بىلەن ئاتىدى.

1039 – يىلى ئىبراھىم ئىبنى ناسىر ئىلىك خان "تابغاچ ئىبراھىم خان" ئۇنۋانىنى قوللاندى.

1041 – يىلى تابغاچ ئىبراھىم خان سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى ۋە ماۋرەئۇننەھرنى كونتۇرۇل قىلدى. سالجۇقلار سولتانى ئالىپ ئارسلان تابغاچ ئىبراھىم خانغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. تابغاچ ئىبراھىم خان باغداد خەلىپىلىكىدىن ياردەم سورىدى، باغداد خەلىپىلىكى بۇ ئۇرۇشقا قول سالمىدى، تابغاچ ئىبراھىم خانغا "مۆمىنلەرنىڭ ئەزىزى" دېگەن ئۇنۋانىنى ھەدىيە قىلدى.
1056 – يىلى قاراخانىلارنىڭ خانى سۇلايمان ئارسلان قاراخان ۋاپات بولدى.
ھەسەن ئىبنى سۇلايمان قاراخانىلار خانى بولۇپ "بۇغرا ئارسلان قاراخان" ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى.

1068 – يىلى غەربتە تابغاچ ئىبراھىم خان سالجۇقلار سولتانى ئالىپ ئارسلان خان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ۋاپات بولدى.

ناسىر ئىبنى ئىبراھىم شەمسۇلئەلمۇلۇك تەختتە ئولتۇردى.

1069–1070– يىللىرى بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ يۇسۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى تاماملاپ، قاراخانىلار خانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بۇغرا ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلدى؛ قاراخان يۇسۇپكە "خاس ھاجىپ" ئۇنۋانىنى بەردى.
1072–1075– يىللىرى ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تاماملاپ، باغداد خەلىپىسىگە تەقدىم قىلدى.
11 – ئەسىرنىڭ 70 – ۋە 80 – يىللىرىدا تارىخشۇناس ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇجاپپار ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى «قەقەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى.

1105 – يىلى           ئەھمەت ئىبنى ھەسەن قاراخان خانلىق تەختىدە ئولتۇردى.

قاراخانىلار مەھمۇت ئىبنى ئابدۇجەلىل قەشقەرى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باغداد خەلىپىلىكىگە ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى يولغا قويىدى.

1124 – يىلى           قارا خىتايلار خانى يەللىغ تاشىن قارا خىتايلارنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ كەلدى ۋە قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ 40 مىڭدەك ئادەم توپلاپ، ئىلى دەريا ۋادىسى، ھەتتا چۇچەك رايونىغا قەدەر كېلىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار تارىختا "قارا خىتاي خانلىقى" دەپ ئاتالدى.
1128 – يىلى           قاراخانىلار خانى ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەت بۇغرا قاراخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قارلۇق، قىپچاق ۋە قاڭلىلار ئىسيان كۆتۈردى. ئىبراھىم قاراخان بۇ ئىسياننى تىنجىتىش ئۈچۈن، يەتتە سۇغا كەلگەن قارا خىتايلاردىن ياردەم سوراپ، ئۇلارنى شىمالىي ئېلىك خانلىقىنىكى يەتتە سۇغا ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن قارا خىتايلار يەتتە سۇنى ئىشغال قىلىۋالدى.
1133 – يىللار           غەربتىكى قارا خىتايلار يەتتە سۇدىن ئىلگىرىلەپ، قاراخانىلارنىڭ قارلۇقلاردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى يېڭىپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى.

1141 – يىللار           قوچۇ خانلىقىمۇ قارا خىتايلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

قارا خىتايلار خانلىقى سالجۇقلار سولتانى سەنجارغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. كاتۋان چۆلىدىكى ئۇرۇشتا سالجۇقلار قوشۇنى مەغلۇپ بولدى.
خارەزىم قارا خىتايلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

1156 – يىلى           ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەت ۋاپات بولدى. مۇھەممەت ئىبنى ئىبراھىم قاراخانىلار تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەشقەردە تەختتە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە ماۋرا ئۇننەھر، يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردا قارا خىتايلار ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى.

1158 – يىلى           قارلۇقلار خارەزىم شاھى بىلەن بىرلىشىپ، ماۋرا ئۇننەھردىكى سەمەرقەنت خانىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى.

1200 – يىلى           غەربتە قاراخانىلاردىن ئىبراھىم ئىبنى ھۇسەيىن ئوغلى ئوسمان قاراخانىلار تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

بۇ دەۋرلەردە ماۋرا ئۇننەھردە، قەشقەردە ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى. ئوسمان قاراخان قارا خىتايلارنىڭ سەمەرقەنتتىكى ۋەكىلىنى دەرياغا تاشلاپ، قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈردى.

1204 - يىلى نايمانلارنىڭ باشلىقى كۈچلۈك قەشقەرىيىگە قېچىپ كېلىپ، قارا خىتايلار بىلەن بىرلەشتى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. قەشقەردىكى قاراخانىلار خانى يۈسۈپ ئىبنى مۇھەممەت ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ خان بولدى ۋە قارا خىتايلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.

1211 - يىلى نايمانلارنىڭ باشلىغى كۈچلۈك ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، قارا خىتايلارنىڭ ئوردىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە قارا خىتايلارنىڭ باشلىغى چۇرۇقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. قارا خىتاي خانلىقى يىمىرىلدى.

1211—1212- يىللىرى كۈچلۈك قارا خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئالدى.

1218 - يىللى چىڭگىزخاننىڭ جوبە باشچىلىقىدىكى قوشۇنى قەشقەرىيىگە يۈرۈش قىلىپ، كۈچلۈكنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلدى.

1219 - يىلى چىڭگىزخان غەربتە قەشقەردىكى قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلدى.

1221 - يىلى شەرقىي قاراخانىلار خانلىقى يىمىرىلدى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى ئاستىغا چۈشتى.

پايدىلانغان كىتابلار

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1- قىسىم، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

ۋ. بارتولد: «يەتتە سۇنىڭ تارىخي ئوچېرىكى»، رۇسچە نەشرى.

شۆەن جۇاڭنىڭ «غەربىي رايونغا ساياھەت خاتىرىسى»، خەنزۇچە.

ئېنگېلس: «ليۇدۋېگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى».

«ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسىرلىرىدىن تاللانما» 1979 – يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

ۋ. بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلاسى»، 1931 – يىل، تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى.
ئەبۇ جاپپار مۇھەممەت ئىبنى جەبىر تەبرى: «تارىخ تەبرى»، پارىسچە، 2 – توم.

«ئۆزبېكستان س س س ر تارىخى»، 1956 – يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى.

ف. ئېنگېلس: «ديۈرىڭغا قارشى»، 1972 – يىل مىللەتلەر نەشرى.

ئابابەكرى مۇھەممەت ئىبنى جەپەر نەرشەخى: «بۇخارا تارىخى».

گەردىزى: «زەينۇل ئاخبار».

جيەن بوزەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، خەنزۇچە.

فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە نەشرى.

«تاڭ خاندانلىقىنىڭ كونا تارىخى».

ئوبۇلغازى: «شەجەرەئى تۈرك».

بېرنشتېين: «قازاق پەلسەپە تارىخى»، رۇسچە نەشرى.

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى».

گۇباۋ: «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر»، 1981 – يىل.

ئەھمەت زەكى ۋەلىدى توغان: «قەدىمقى كۇچا خەلقىنىڭ مەدەنىيتى»، 1945 – يىل «شىنجاڭ گېزىتى».

ۋىليام سامۇلىن: «12 – ئەسىردىكى شەرقىي تۈركستان»، ئېنگلىزچە.

«ھۇدۇدۇلئالەم»، رۇسچە نەشرى.

بېرنشتېين: «ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تەتقىقاتى»، رۇسچە.

«قەدىمكى تۈركىي تىللار لوغىتى»، 1968 – يىل لېنىنگرات نەشرى.

ئىبنۇلئەسىر: «تارىخى كامىل»، 1883 – يىل سىبىرىيىدە بېسىلغان.

پروفېسسور رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىكتە يېزىلغان كىرىش سۆز»، 1979 – يىل، ئىستانبۇل.

«تەزكىرەئى بۇغراخان»، 1830 – يىل قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا.

«خوجا ئەبۇنەسىرى سامانى تەزكىرىسى»، قولىيازما.

موللانىياز: «تورت ئىمام تەزكىرىسى»، 1797 – يىل قولىيازما.

نىزام ئارودى: «بۇخارا تارىخى».

مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندە شاھ ئىبنى مەھمۇت مىرخۇند: «تاۋارىخ رەۋزەتۇسسافا»، 1831 – يىل، بومباي.

مىرزا شاھ مەھمۇت جاراس: «تارىخى رەشىدى زەيلى».

ج. كلوسۇن: «ئۇيغۇرلارنىڭ نامى توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1965 – يىل ئالمۇتا.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىسمايىل تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

ستالىن: «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم».

«جۇڭگو – غەرب قاتنىشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە.

دوكتۇر ب. ن. شەھسۇۋار: «فارابىنى تونۇشتۇرۇش»، تۈركچە، 1951 – يىل، ئىستانبۇل.

پروفېسسور ئاقجان ماشانۇر: «فارابى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 – يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن»، تۈركچە، 1950 – يىل نەشرى.

جامال قارشىنىڭ «سۇراھ» قا يازغان كىرىش سۆزى، ئەرەبچە.

«ماركوپولو ساياھەتنامىسى».

چىڭ سۇلۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ماكانلىشىشى»، 1981 – يىل.

«تارىخنامە. ھونلار تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

«ۋېي سۇلالىسى تارىخى. دوۋۇ پادىشاھ تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

«تاڭ خانلىقىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

«شىمالىي سۇلالە تارىخى. تېلىلار تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى»، خەنزۇچە.

ەېىك شىمىن: «قاراخانىلار توغرىسىدا بايانلار»، 1982 ـ يىل «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1 ـ سان.

ئو. پرىتساك: «قاراخانىلار تارىخى. قارلۇقلاردىن قاراخانىلارغىچە»، خەنزۇچە.

«ۋاڭ يەندى ساياھەت خاتىرىسى. ئىدىقۇت تەزكىرىسى».

دوكتور ئارسلان تەرزى ئوغلى: «تۈرك تارىخى كونگرىسى» 2 ـ جىلد، ئەنقەرە 1981 ـ يىل نەشرى.

خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

(تۈگىدى).